# ئىسلام سۈننىتىدىن
# سوئال - جاۋابلار

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

زۇڭلى ۋېن جياباۋ 2009-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قاھىرەدىكى باش ئىشتابىدا بەرگەن «مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىغا ھۆرمەت قىلايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ئوخشاش، دۇنيا مەدەنىيىتىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە. مەسىلەن، دۇنيادا 200 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون، 2500 دىن ئارتۇق مىللەت، 6000 دىن ئارتۇق تىل بار. مىللىتى، ئۆڭى ۋە تارىخىي مەدەنىيىتى خىلمۇخىل دۇنيا ئەھلى مانا بۇگۈنكىدەك رەڭدار دۇنيانى ئورتاق ياراتقان. بۇ ھال بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇخىل ئاۋازلارنىڭ يېقىملىق بىر كۈينى شەكىللەندۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. قىسقىسى، قۇرۇماس دەريا كەبى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە سىڭىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن“.

ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئالاقىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. جۇڭگودىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئاشۇ تارىخنىڭ مەھسۇلى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ ئىككى خىل بۈيۈك مەدەنىيەت ئالاقىسى توسقۇنسىز رېئاللىققا ئايلىنىپ، دۇنيادىكى ئۆزگىچە ۋە گۈزەل مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى رويابقا چىقارماقتا.

ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش — نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيە. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادى پەرقلىق كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە چۈشىنىشى ئاساسىدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى جۇڭخۇا كۆڭزىچىلىق مەدەنىيىتى، ھىندىستان



ISLAMIC ART

بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا خرىستىيان مەدەنىيىتى بىلەن بىللە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئاجايىپ سەلتەنەت سۈرگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ جاھاندىكى ئۆچكى ۋە مىللىتى خىلمۇخىل بولغان 1 مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەمما، دۇنياۋى پىكىرلەرنى يېتەكلەش ھوقۇقى غەرب تاراتقۇلىرىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيا مىقياسىدا خاتا ئىزاھلىنىۋاتىدۇ، ھەتتا قەستەن بۇرمىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ۋە تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ مەدەنىيەت قانداقتۇر سىرلىق چۈمپەردىگە مەھكۇم قىلىپ قويۇلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگودىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئوخشاشلا باشقا ئېتىقادتىكىلەرنىڭ ھەقىقىي چۈشىنىشىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىدۇ، ھەتتا ئاز ساندىكىلەرنىڭ خاتا ئىزاھلىشى ۋە بۇرمىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنداق بىنورمال خاھىشلار سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى پەقەت مەدەنىيەتلەر دىيالوگى ئارقىلىق ئاجىزلاشتۇرغىلى، ھەتتا يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەم دۇنياۋى ئورتاق قاراش. بۇنداق دىيالوگ چوقۇم ھەر تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇلۇشى لازىم. جۈملىدىن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنى ئىلمىي مۇھاكىملەرگە تەشكىللەپلا قالماي، مەدەنىيەتنىڭ ۋاسىتىچىلىرىدىن بولغان ئاۋام-پۇقراغىمۇ ئۆزئارا چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش لازىم.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا «ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن سوئال-جاۋابلار»، «قۇرئان كەرىم»دىن سوئال-جاۋابلار»، «ھەدىس شەرىفتىن سوئال-جاۋابلار»، «ئىسلامىيەتتىكى ئائىلىلەرگە ئائىت بىلىملەردىن سوئال-جاۋابلار»، «ئىسلامىي ئەدەپ-يوسۇن ھەققىدە سوئال-جاۋابلار»، «ئىسلام سەنئىتىدىن سوئال-جاۋابلار» ۋە «مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەكلەر

ھەققىدە سوئال-جاۋابلار» قاتارلىق يەتتە پارچە كىتابنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغايكى، بۇ كىتابلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەربىر پارچە كىتاب ئىدىيەۋى قاراش ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچە. شۇنداقتىمۇ، بۇ كىتابلاردا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف تۇتقا قىلىنىپ، ئىسلامىيەتتىكى ئىمان-ئېتىقاد بىلىملىرى ۋە ھالقىما مەدەنىيەت تەسىراتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئاساس قىلىندى. تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك داۋامىدا لىللالىق، كەڭ قورساقلىق ۋە تىنچلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىسلامغا خاس دىنىي روھنى ئىمكانىيەتلىرىمىزنىڭ بارىچە تولۇق ئىپادىلەپ، ئىمان-ئېتىقادنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتۇق، ئۇشبۇ مەجمۇئەنىڭ ھەر ساھە ئوقۇرمەنلىرىگە ئىسلامىيەتكە دائىر ساۋاتلاردىن ئەتراپلىق ئۈچۈر بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

**«ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى» تەھرىر ھەيئىتى**

**2011-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلار بېكىتى ئادرېسى

# ھايات گۈزەللىكىگە ئىنتىلىش، مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى تارتايلى

— «ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى»گە باش مۇقەددىمە

«ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى كاتتا ئەھمىيەتلىك ئىش.

ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەرنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ شۇڭا، دۇنياغا يۈزلەنگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ۋە زۇڭلى ۋېن جىباۋ كۆپ قېتىم: "مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى باراۋەرلىك، ئېچىۋېتىش روھى بىلەن قوغدايلى"، "دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرايلى" دەپ كۆرسەتتى. بۇ بايانلار ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەرگە تۇتقان تۈپ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا جەۋھەرلىرىدىن بولغان ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كامالىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بولۇپمۇ ئىسلامىيەت يىلتىزى تېرەن مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ رېئال ھاياتى ۋە ئىنسانلار بىلەن رېئال دۇنيا ئارىسىدىكى ھەرخىل باغلىنىشلارنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقەت، دىيانەت، پەزىلەت خۇسۇسىدا

ئىزدىنىشلىرى ۋە غايىۋى جەمئىيەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. دېمەك، مەدەنىيەتلەر رەھبەرلىكىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، دىنىنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش—بۈگۈنكى كۈن ئېتىبارىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن بولۇپ قالدى.

ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا سىغدۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى لازىم. مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ؛ پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى — ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بىر تۈرلۈك مىزان. چۈنكى، ئالاقە ۋە ئۇچرىشىشلارنىڭ نەتىجىسىدە ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىپ، تارقىتىش داۋامىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنى ئىنسانلار ئارا ھەمكارلىق ۋە ئۆيۈشۈشچانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئېلىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئەسلىنى ساقلاش بىلەن يېڭىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، جۇملىدىن ئەنئەنىنى قەدىرلەش بىلەن باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى مەدەنىي ۋە ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ئەڭ ئاقىلانە تاللاش. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى — مىللەتلەر ئارا ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە، ئۇچرىشىش ۋە چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، سەممىيەت، سەۋر-تاقەت، كەڭ قورساقلىق ۋە ئوچۇق پىكىرلىكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پسىخىكىنى ئورتاق يارىتىشتا، شۇنداقلا ئۆزئارا ھۆرمەت، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشتىن ئىبارەت جەمئىيەت كەيپىياتىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتا.

ھالبۇكى، مەدەنىيەت رەھبەرلىكىنى ھۆرمەتلەش جەھەتتە،

نەزەرىيەگە ناقىس، ئۆگىنىشكە قىزىق ئىكەنلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمىز. جۈملىدىن، ئادەمىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت پەنلىرىگە بولغان روھنى ئۇرغۇتۇشقا سەل قاراۋاتىمىز؛ باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقىلا ئەمەس، ھەتتا مىللىتىمىزگە خاس ھاياتلىق تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى، جاھاندارچىلىق تەربىيەسى، پاراغەت تەربىيەسى، بايلىق تەربىيەسى ۋە پۇقرالىق تەربىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەمىيەت روھى تەربىيەسىگىمۇ يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيۋاتىمىز. شۇڭا، تەربىيەمىزدە ئۇقۇملاشقان، پرىنسىپلاشقان قۇرۇق ۋەز-نەسىھەت ساماندەك بولغىنى بىلەن، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان، كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان نەرسىلەر يوق دېيەرلىك. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلەر خۇسۇسىدىكى پىكىر-قارىشى مۈجمەللىشىپ كەتكەچكە، ھەتتا ئەقەللىي ساۋاتلاردىنمۇ بىخەۋەر ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى: بىرى، مائارىپىمىز پۇچەكلىشىپ كەتتى؛ يەنە بىرى، ئۆگىنىشكە بەكلا قىزىق بولۇپ كەتتۇق. بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاخىر ماددىي جەھەتتە توققۇزىمىز تەل بولسىمۇ، مەنىۋى يۈكسەكلىكتىن بارا-بارا يىراقلىشىپ كەتتۇق. مەدەنىيەت تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان، ئېتىقاد سۇسلاشقان، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە جەمئىيەت مېخانىزمى بارلىق كىشىلەرنى قىممەت قارىشى ۋە ھايات قىممىتى جەھەتتە يېتەكلەشكە قادىر بولالمىغان چاغدا، نۇرغۇن كىشى، بولۇپمۇ ياشلار گاڭگىراش، تىت-تىتلىق، ئۈمىدسىزلىك، شۈبھىلىك ۋە مەنىۋى ئازغۇنلۇق ئىچىدە قالدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىكى كىرىزىس ئالامەتلىرى كۆچىيىپ كېتىدۇ.

شۇڭا، مەنىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، بىلىم ئارقىلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ئېتىقاد ئارقىلىق روھنى يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم ۋە تەخىرسىزدۇر. قىسقىسى، نۆۋەتتىكى ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپىمىز — ئۆگىنىش. چۈنكى، بىلىمىڭ كۆپ بولسا نەزەر دائىرەڭ كېڭىيىدۇ؛ نەزەر



ISLAMIC ART

www.uyghurkitap.com

دائىرەڭ كېڭەيگەنسېرى كۆكسى - قارنىڭمۇ تەبىئىيلا كېڭىيىپ بارىدۇ؛ كاللاڭدا ئىجادىي پىكىرلەر بىخلاپ، ۋۇجۇدۇڭ كۈچكە تولىدۇ، شۇندىلا يات مەدەنىيەتلەر بىلەن بىمالال ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن مۇلاقاتتا بولالايسەن. بىلگىنكى، مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇچرىشىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتكەندىلا، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلارنىڭ سەرخىل مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىش ئىقتىدارى بەك كۈچلۈك. شۇڭا، دىن مەدەنىيىتىدىكى ئىناقلىق ۋە تىنچلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئىجابىي ئامىللارنى قېزىپ ۋە رەتلەپ، دىنىنىڭ يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا باشلايدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى تەتقىقات قىممىتى بار، قايىل قىلارلىق ئامىللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تولۇق ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە. ھالبۇكى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشتا ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشكە تايىنىمىز. ئادەم تۇغۇلۇپلا ھەممىنى بىلگەن ئەمەس؛ دۇنيادا ئازمايدىغان كىم بار؟ ئازغۇنلۇقنىڭ كارى چاغلىق، چۈنكى، ئۇنى كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق تۈگەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. چۈنكى، ئۆگىنىش — مەدەنىيەتنى ئەجدادتىن - ئەۋلادقا ئۇلايدىغان ۋاستە.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ تۇنجى تۈركۈمى يەتتە پارچە كىتابتىن تۈزۈلگەن. كىتابلاردا «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىف بېتەكچى قىلىنىپ، ئىسلامىيەتكە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ۋە مەدەنىيەت ساۋاتلىرى ئەپلىك سوئال - جاۋاب شەكلىدە، مۇقەددەس پۈتۈكلەردىكى كەلىمە - تېرمىنلارغا مەنە ئېيتىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن، شۇنداقلا ئىسلامىيەتكە خاس يۈكسەك مەدەنىيەت روھىنى شەرھلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ روھىيىتىگە شۇڭغۇشقا دالالەت قىلىنغان. شۇڭا، بۇ كىتابلار مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىمىنى بېيىتىپ، ئۇلارغا

ئالىيجانابلىقنى، مەنىۋى يۈكسەكلىكنى، شۇنداقلا مەردۇ مەردانىلىكنى ئۆگىتىپلا قالماي، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت ساۋاتلارنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشىگە ھەمدەمدە بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پانىي دۇنيادا ئەبەدىي ئەسقاتىدىغان ئەقىل-پاراسەتنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، قەۋملەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا ئالاقە ۋە ئۇچرىشىش ئەزەلدىنلا تەشەببۇس قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ مۇسۇلمانلار ئىنسانلار ئومۇمىي مەدەنىيىتىگە ئىسلامىيەتنىكى ئالاقىلىشىش روھى، تەقدىرداشلىق ئىدىيەسى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ يات مەدەنىيەتلەرگە تۇتىدىغان كەڭ قورساقلىق ۋە سىغدۇرۇشچان پوزىتسىيەسى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش مۇددىئاسىدا يېزىلغان بۇ مەجمۇئەنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاساسەن دىگۇدەك چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ياش ۋە مۇنەۋۋەر مۇسۇلمان ئالىملار، شۇنداقلا ئېلىمىزدە ئىسلام دىنى ئوقۇتۇشى بىلەن مەشغۇل تەتقىقاتچىلار. مەجمۇئەنىڭ باش تۈزگۈچىسى ئاخۇن كۇڭ دىجۇن بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىردىشىشتا، مۇئەللىپلەرنىڭ ئىزگۈ تىلەك، دۇرۇس ئېتىقاد ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئىشتىياقى بىلەن تويۇنغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنىڭ چېچەنلىكى، پاراستى، قابىللىقى ۋە دادىللىقىدىن بەكمۇ تەسىرلەندىم. ئۇلار ئەسلىدە بىلىمى مول، پىكرى ئوچۇق، ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ياش ئالىملار ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش بىلەن بىرگە ئىلگىرىكى تەبىرىي نۇقسانلارنى تۈزىتىپ، بەزى مەسىلىلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلالىغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم.

مۇشۇ پۇرسەتتە، بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىرام ۋە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن! ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىزمەتكە ئىشتىراك قىلغان ئاغا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللارغا ئىككى



www.uyghurkitap.com

دۇنيالىق خەيرىيەت ۋە سائادەت ئاتا قىلغاي!

ھەممىمىز ئورتاق ئۆگىنەيلى، ئۆزئارا چۈشىنىشكە تىرىشايلى؛ مەنىۋى دۇنيايىمىزدا ئۆزئارا ئەسرالىشىپ، يۈرەك-باغرىمىزنى شادلىقتا ئاۋۇندۇرايلى! مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھاياتىمىز بارغانسېرى گۈزەللىككە تولىدۇ.

**ئىبراھىم ماچىمىڭ**

2011-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى

www.uyghurkitap.com

# ئەزگۈ مەدەنىيەت يوقالماس ئەبەد

— «ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى»گە مۇقەددىمە

مىلادىيە 7-ئەسىرنىڭ باشلىرى جانلانغان ئىسلام دىنى 23 يىل ئىچىدە پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ 80 يىل جەريانىدا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا تارقىلىپ، ئاخىر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغىچە بېرىپ يەتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى مۇسۇلمان. 55 دۆلەت ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان؛ 22 دۆلەت ئەرەب تىلى، يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلىنى دۆلەت تىلى قىلغان. ئىسلامىيەتنىڭ خەلقئارادا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى قىل سىغمايدىغان ئەمەلىيەت. دۇنياۋى زومىگەرلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن ئاشقۇنلۇق، ھەتتا تېررورلۇقنىڭ ۋەسۋەسىلىرى سەۋەبلىك، "دۇنيا مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان" مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈپ، ئىسلام ھەققىدە نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزەرىدە ئاتام زامانىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ماتېرىياللار ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادا يەنىلا ئەڭ تېز گۈللىنىۋاتقان دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

دۇرۇس، مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى ھەققىدە پەرقلىق ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ، پىكىر-قاراشلىرىڭىزنى خالىغانچە بايان قىلسىڭىز بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز ۋەزىيەتتىمۇ ئىسلامىيەتنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىي كۈچىدىن قالمىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايسىز. دۇنياۋىلىشىش دولقۇنى ھەممىنى مەپتۇن قىلىۋالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلام دىنى نۇرغۇن دىنلار ئارا ئەڭ جانلىق ئورۇنغا

ئۆتۈپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايوننىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا روشەن تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن زامانلىرىمۇ، خارابلاشقان دەۋرلىرىمۇ بولغان. ئەمما، ئۇ زاۋاللىق ئىچىدە يوقىلىپ كەتمىدى؛ ئاجىزلىق دەستىدىن نەپەستىن قالمىدى. ئەكسىچە، جەزىرىدە ئۇزاق مۇددەت چاڭقىغان چىدامىلىق گىياھنىڭ بىر قەترە شەبنەمدە قايتا ياشارغىنىدەك جانلانماقتا. خوش، ئۇنداقتا، ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسىرچانلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئىچكى ئامىل زادى نېمە؟ بۇ مەسىلە خۇسۇسىدا ئىقتىساد، سىياسىي ۋە تارىخ ساھەلىرىدىن نۇرغۇن سەۋەبلىك ئامىللارنى كۆرسىتەلەيمىز. ئەمما، "خەلقئارا ئۆلچەم" نامىدىكى ئاتالمىش قېلىپلاشقان بايانلار ۋە پىكىر زوراۋانلىقىنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى سولماس ھاياتىي كۈچنىڭ دەل ئۇنىڭدىكى مۇلاقات روھى بىلەن تەقدىرداشلىق ئىدىيەسىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئامېرىكىلىق خەنزۇ ئالىم دۇ ۋېيمىڭ ئەپەندى "مەدەنىيەتلىك جۇڭگو" ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى: "مۇلاقات ئەقلىيلىكىنى ۋاستە قىلىپ، تەسەۋۋۇردىن پەيدىنپەي رېئاللىققا كۆچكەن 'پىكىر بايان قىلغۇچى ئىجتىمائىي قاتلام'نىڭ ئالاقىسى ئارقىلىق تىل، رايون ۋە ئېتىقاد پەرقى، ھەتتا جىنس، ياش، كەسىپ ياكى تەبىقە ئايرىمىسى پەيدا قىلغان ياتلىششىنى پەيدىنپەي تۈگىتىش ئۈمىدى" دەپ ئىزاھلىغانىدى. ھەيران قالارلىق يېرى: ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن «قۇرئان كەرىم»دە، خىلمۇخىل قەۋم ۋە ئىنسانلار تۈپىنى دەل ئۆزئارا ئۈچرىشىپ مۇلاقاتتا بولسۇن، دېگەن ئۈمىدتە ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق؛ ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ...﴾ ("ھۇجۇرات" سۈرىسى 13-ئايەت). بۇ ئايەتنى "مەدەنىيەتلەر

مۇلاقتى" ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بايانات دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، "مەدەنىيەتلەر مۇلاقتى" دېگەن بۇ كەلىمە دەل ھەرقايسى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ۋەجىدىن كېلىپ چىققان. ئۇچ بۈيۈك دۇنياۋى دىنىنىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىدا، ئېتىقاد پۇتكۇل ئىسلام مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىسلامىيەتتە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىككى تۈرلۈك مۇھىم پاكىتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى، ئەمەللىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بىمالال ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: "ئىنساننىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت تەۋەلىكىدىكى پەرقلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىدىن؛ ھەرقانداق ئادەم ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى توسۇشقا ياكى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەستۇر" دېگەن پاكىت. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيىكى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ھەممە ئادەمنى ئەلۋەتتە (بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان) بىر ئۈممەت قىلاتتى. ئۇلار داۋاملىق ھەر خىل دىنلاردا بولىدۇ؛ پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇ رەھمەت ئۈچۈن ياراتتى﴾ ("ھۇد" سۈرىسى 118-، 119-ئايەتلەر). مۇفەسسىرلەر مەزكۇر ئايەتتىكى "شۇنىڭ ئۈچۈن" دېگەن كەلىمىنى "ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەرقلەر ۋەجىدىن" دەپ شەرھلەيدۇ. يەنە بىرى، "ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەرق ۋە غايىلىق، ئازغۇنلۇقلار ئۈستىدە ھېساب ئېلىش مەھشەردە ئاللاھقىلا خاستۇر؛ پانىيدا ئۇ ئاللاھتىن ئۆزگىنىڭ قولىدىن كەلمەس" دېگەن پاكىت. ئاللاھ دېدىكى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنسانلارنى ئاشۇ يولغا چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، مۇشرىكلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى

يوق، ئاللاھ (قىيامەت كۈنى) بىزنى يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر»﴾ ("شۇرا" سۈرىسى 15 ـ ئايەت).

دېمەك، ئىسلام مەدەنىيىتى خىلمۇخىل دىن، دۆلەت، ئىرق ۋە خىلمۇخىل تىللارغا كەڭ قۇچاق ئاچتى. جۈملىدىن، ھېچقانداق مەدەنىيەتنى ئەسلىي زاتىدىكى پەرقلەر ۋەجىدىن چەتكە قاقماي، بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت كاتېگورىيەسى ئىچىگە ھەرخىل مەدەنىيەت ئاملىلىرىنى مۇجەسسەملەپ، يەھۇدىيلار، ناسارالار، سابىيلار ۋە باشقا خىلمۇخىل دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھىمايىسىدە ھايات كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە دىنىي ئەمەللىرىنى ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتمىدى. باش ئېپىسكوپ يەشۇب مىلادىيە 1249 ~ 1259 ـ يىللىرى مۇنداق دەپ يازغان: "پەرۋەردىگار ئەرەبلەرنى بىزگە ھۆكۈمدار قىلدى؛ ئەمما، ئۇلارنىڭ بىزگە مۇلايىم ۋە خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولغانلىقى جاھان ئەھلىگە ئايان. ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا دۈشمەنلىك قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە دىنىمىزغا، پەيغەمبىرىمىزگە، پوپلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، چېركاۋ ۋە موناستىر سېلىشىمىزنى قوللىدى." شۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل دىن ۋە مىللەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھىممىتىگە نائىل قىلىنغاچقا، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى. ئامېرىكىلىق ئالىم فىلىپ خۇرى ھىتتى «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "شانلىق ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىگە يات دىن مۇخلىسلىرىمۇ بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. مىسالەن، 'تەرجىمانلارنىڭ پىرى' ئاتالغان ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق نېستورىيان ئىدى؛ ئارخېمىد ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان سابىت ئىبنى قۇرەي بىلەن مۇنەججىم ئەلبەتتانى كېيىنكى كۈنلەردە ئىمان ئېيتقان سابىيلاردىن ئىدى." بۇ بايانلار — ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى قوللىغانلىقى ۋە تەشەببۇس قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئىسلام مەدەنىيىتى قانداقتۇر بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك نوقۇل "ئىلاھىيەت

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتى‘‘لا ئەمەس، بەلكى دىن، تىل، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تەبىئىي پەن، ماتېماتىكا، ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە باشقا خىلمۇخىل پەنلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قويىنى كەڭرى، رەڭدار مەدەنىيەت. چۈنكى، ئۇ ئەبۇ ھەنىفە ياراتقان ئىلمىي فىقھە بىلەن پىكرەن ئەقائىد ئىقمى، مالىك ئىبنى ئەنەس ياراتقان ئىلمىي فىقھە بىلەن ئەھلى ھەدىس ئىقمى، ئەلشافىئىي ياراتقان ئۇسۇل ئەل فىقھە، ئەشئەرى ياراتقان ئىلمى كالام، ئەلتەبەرىنىڭ تەفسىرلىرى (تەفسىر ئەلتەبەرى)، بۇخارى ھەدىسلىرى (سەھىھۇل بۇخارى)، ئەلجاھىز ئەدەبىياتى، خەلىلى رىسالىلىرى، سىبەۋەيھى گىراماتىكىسى، ئابدۇلقاھىر ئىستىلىستىكىسى، ئىبنى سىنا تېبابىتى، ئەلمۇتەنەببى نەزمىلىرى، ئىبنى ھەيسەم كۆز كېسەللىكلىرى تېبابىتى، بىرۇنى ماتېماتىكىسى، غەززالىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىستىقامىتى، ئىبنى رۇشىد پەلسەپەسى، ئىبنى خەلدۇننىڭ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن ئۇ ياراتقان جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىبنى تەيمىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىش تەلىماتى، ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى، ئىبنى ھەزمىنىڭ ئىلمىي زاھىر نەزەرىيەسى، شادىبىنىڭ ئىرادە نەزەرىيەسى، شۇنداقلا پەيلاسوپلارغا خاس ئىدراكچىلىق ئىدىيەسى بىلەن فەقىھلەر (قانۇنشۇناسلار)گە خاس ئىجراكارلىق روھى، جەدىتلەر (يېڭىلىق تەرەپدارلىرى)نىڭ مەنتىقىي خۇلاسىلىرى بىلەن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى قاتارلىق كۆرمىگىلىغان مەزمۇنلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى.

ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە كەڭ قۇچاق ئاچقانلىقى ئىسلام دۇنياسىدىكى چوڭ-چوڭ كۇتۇپخانىلارغا جۇغلانغان ھەددى-ھېسابسىز كىتابلاردىن، دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىكى خىلمۇخىل ئۇسلۇبتا سېلىنغان رەڭگارەڭ ئىمارەتلەردىن ئايان بولىدۇر. مىسالەن، ئاندالۇسىيە (ھازىرقى ئىسپانىيە)دىكى قەلئەتۇل ھەمرا (قىزىل ئوردا)، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ھىندىستاندىكى تاج ماھال مەقبەرىسى ... ھەتتا، ئاللاھ تائالاغا ئاتاپ ناماز ئوقۇلىدىغان مۇقەددەس جاي — جامە، مەسچىتلەر ئىچىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا

سىلىنغانلىرىمۇ، ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سىلىنغانلىرىمۇ، جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سىلىنغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىسلامىيەت كەڭ قورساق، كۆپ مەنبەلىك ۋە ئاكتۇئال مەدەنىيەت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەنسۇپ تەۋەررۇكلەر ئىچىدە يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدىغان بىر قىسىم مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما، ئۇلارنى يەكلەتەكلىك بىلەن ئىنكار قىلىۋېتىش ياكى چىقىرىپ تاشلاش ئوبيېكتىپ چارە ئەمەس، ھەتتا ئۇنداق قىلىش ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىغىمۇ ئورۇن بېرىش روھىغا مۇخالىپ. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتى مىراسلىرى ئارىسىدا ئەبۇ ئەل ئەتاھىيەنىڭ تەسبىھ نەزمىلىرى بىلەن ئەبۇ نۇۋاسنىڭ شاراب نەزمىلىرىنى، «ۋەھج ئەل بەلاغە» بىلەن «مثبىر كېچە»نى، جۈمەيدىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف يولىنىلا تۇتۇش شەرت قىلىنغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى بىلەن ھەللاجى ۋە ئىبنى سەبۇئىننىڭ ئاجايىپ-غارايىپ بايانلىرىنى، خىلمۇخىل مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئىسلامىيەتتىن چەتلەپ كەتكەن پىكىر-قاراشلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئۇچرىتىمىز. ئەمما، ئۇنداق نادۇرۇس مىراسلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىش ياكى چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار — ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ۋە سىلىشتۇرما تەتقىقات ساھەسىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى. مۇھىمى، ئەقىل كۆزى بار كىشىلەر ئۇنداق مىراسلاردىكى پاسسىپ ئامىل ۋە ئاشقۇن ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرىگە ئاسانلىقچە ئۇچراپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالا نۇرغۇن نەرسىلەر ئارىسىدىن شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇللاش ھەققىدە شۇنداق دېدىكى: ﴿... (ئى مۇھەممەد!) سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ئەقىللىك كىشىلەردۇر﴾ ("زۇمەر" سۈرىسى 17-، 18-ئايەت).

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى شۇنىڭدىنمۇ ئايانكى، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىف مۇقەددەس قانۇنچىلىقنىڭ

مەنبەسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئىمان-ئېتىقاد، ئەمەل-ئىبادەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاققا ئائىت ئاز بىر قىسىم "مۇتلەق" مەزمۇنلاردىن باشقا، "ئېھتىمالەن" مەزمۇنلار ھېسابلانغان نۇرغۇن نۇقتىلارنى پەرقلىق چۈشىنىش ۋە ئۇ ھەقتە باشقىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ فىقھەچىلەر ئېقىمى (شەرىئەت ئېقىمى) — مۇقەددەس دەستۇرلارنىڭ تېكىستلىرىنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن چۈشىنىشكە ئىجازەت بېرىلىدىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى؛ شۇنداقلا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مول مەزمۇنلۇق خىلمۇخىل ئاملاردىن يۇغۇرۇلغانلىقىنىڭ كونكرېت دەلىلى. ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ فىقھەچىلەر ئېقىمى خىلمۇخىل تەلىمات ئېقىملىرىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇلار قانداقتۇر ئۆزئارا تىركىشىدىغان قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە ئەمەس، بەلكى پەرقلىرىنى ساقلاش شەرتى بىلەن بىر-بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇبادا، ئىسلام مەدەنىيىتىدە بارلىق ئەمەللەرگە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىفنى پەرقلىق نۇقتىلاردىن چۈشىنىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ دېيىلسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر دەۋرىدىن باشلانغان ئۇنداق كۆپ مەنبەلىك چۈشىنىش ئادىتى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋام ئەتمەكتە. دېمەك، رەڭگارەڭ ھاياتلىق قوينىدا ساقلىنىۋاتقان كۆپ مەنبەلىك ئاملار دەل ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ھەممىگە ئايان پاكىتلاردىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "پانىيدىكى ئەمەللىرىڭلار (قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكى) ئۆزۈڭلەرگە بەش قولدەك ئاياندۇر" دېگەن تەلىمى كۆپ مەنبەلىك ئىسلام مەدەنىيىتىگە كەڭرى زېمىن ھازىرلىغانىدى. قىسقىسى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەرەبلەر يول ئاچقان، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئىشتىراكىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان ئۆزگىچە ئىسلام پەن-مەدەنىيىتى يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىنىڭ بىۋاستە ھاسىلاتى.

ئوچۇق پىكىرلىك — كۆپ مەنبەلىك ئىدىيەۋى پىكىرنىڭ تەبئىي راۋاجى. مۇسۇلمانلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە بۇرچىدىن

ئالەمچە پەخىرلەنسىمۇ، ئەمما بىكىنمىچىلىككە قارشى بولغاچقا، ھەرقانداق مەدەنىيەتكە قوچاق ئاچالايدۇ. جۇملىدىن، ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا، يات مەدەنىيەتلەرنىڭ مېغىزىنى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ھەرقايسى قەۋملەرگە ئەلگىرى چۈشكەن ۋەھيىلەرنى دەلىللەپ دېدىكى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق.﴾ [”مائىدە“ سۈرىسى 48 ـ ئايەت]. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»دە ئىلگىرى نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتابلاردىكى ھەقىقەتنى دەلىللەپ، بۇرۇنقىلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئىجابىي ئامىللارنى ئېتىراپ قىلىش، تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئايانكى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزلىك بۇرچى — ئىنسانلار ياراتقان ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىپ يوقىتىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى تولۇقلاپ كامالەتكە يەتكۈزۈشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا: ”مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم!“ دېگەنىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەھۇدىي دىنى مەدەنىيىتى، خرىستىيان دىنى مەدەنىيىتى ۋە باشقا بېشارەتلىك دىنلارغا خاس مەدەنىيەتلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. شۇڭا، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ۋەھىي كىتابلار ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرمىكى پەرز قىلىنغان. مۇشۇ پەرزنى ئادا قىلالىغاندىلا ئاندىن ئىمانى كامىللىققا يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): ”ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز)“ دەيدۇ.﴾ (”بەقەرە“ سۈرىسى 285 ـ ئايەت).

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانلار ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت

(كۆڭزىچىلار مەدەنىيىتى بىلەن خىرىستىيان مەدەنىيىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرگە بولغان كەڭ قورساقلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر قەۋم ياكى مەدەنىيەت توپىغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەتكە چاقىرغۇچىسى بولىدۇ﴾ ("رەئىدە" سۈرىسى 7-ئايەت)؛ ﴿ھەقىقەتەن بىز سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتۇق. قانداقلا بىر قەۋم بولسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾ ("فاتىر" سۈرىسى 24-ئايەت)؛ ﴿... پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى جازالىغىنىمىز يوق﴾ ("ئىسرا" سۈرىسى 15-ئايەت). بۇ ئايەتلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەن ئەرەب قەۋمىگە مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، شۇنداقلا بارلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى سۇبيېكتلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئىلمگەرلىكتىكى كەڭ قورساقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ھازىرقى زامان ئىسلام مۇتەپەككۇرى نازىم ئەل قىزىر «ئىمان مەنزىللىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە يۇنان پەيلاسوپلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مىسىر، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىكى قەدىمكىلەرنىڭ نۇرغۇن پەلسەپىلىرى ئىلاھىي ۋەھيىلەرنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىدى، ئەمما ئۇنى تارىخنىڭ دولقۇنلىرى يالماپ كەتتى؛ ئاشۇ ئىزنالارنى قالدۇرغانلار پەيلاسوپ دەپ ئاتالغىنى بىلەن، ئۇلار يا پەيغەمبەر ۋە ياكى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى بەكرەك ياقلايمەن." مەشھۇر ئىسلام ئالىمى مەۋدۇدى كۆڭزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسى كۆڭزى بىلەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنى ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەردىنمۇ-ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىمان-ئېتىقادىنى قەدىرلىگەن، ھەم ئۆزىنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا مۇنداق دەپ

كۆرسەتكەندى: ”ئاللاھ تائالانىڭ ھىندىستان، جۇڭگو، ئىران (پېرسىيە)، مىسىر، ئافرىقا، ياۋروپا، شۇنداقلا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى رايونلارغا ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما، ھېچقانداق پاكىت ئاساسىدىن خەۋەرسىز بولغىنىمىز ئۈچۈن، ئاشۇ زېمىنلاردىكى زادى كىمنىڭ ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كونكرېت ھۆكۈملەشكە ئاجىزمىز. شۇنداقتىمۇ، دۇنيادىكى خىلمۇخىل دىنلارغا ئاساس سالغۇچىلار ئىچىدىكى ھەرقانداق كىشىنى سۈندۈرۈشقا ياكى ھاقارەتلەشكە ئەسلا ھەققىمىز يوق. ئۇلار گەرچە ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكىلەرنىڭ ئۇلار تەرغىب قىلغان دىننى گويا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولۇشىمىز مۇمكىن. ناۋادا ئاشۇ دىنلار ھەققىدە قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولساق، ئاشۇ دىنلارنىڭ نۆۋەتتىكى قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئاساسىدا گەپنىڭ ئۆزىنىلا بايان قىلىشىمىز، ئاللاھنىڭ مەلۇم پەيغەمبىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشۇ دىنلارنىڭ ئاساسچىلىرى ھەققىدە ’لام‘ دەپ ئېغىز ئاچماسلىقىمىز لازىم.“ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مەلۇم بىر دىن ياكى مەدەنىيەتنىڭ قىسمەن مەزمۇنىغا ناقايىل بولساڭمۇ، ئەمما ئاشۇ دىن ياكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسچىسى ھەققىدە ”ئاقىلەي-كۆكىلەي“ دەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل. بۇ گەپنىڭ يېشىمى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ كالامىدىن ئاياندۇر: ﴿ئۇلار: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز)» دەيدۇ﴾ (”بەقەرە“ سۈرىسى 285-ئايەت). مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەت ياراتقان ھەرقانداق مەدەنىيەتنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيەسى دەل يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئوچۇق پىكىرلىكنى مەنبە قىلىدۇ.

شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقاتقان زامانلاردا، ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىگە تەۋە ئۆرپ-ئادەت ۋە

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلغانىدى. مىسالەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج پائالىيىتىدە ئەرەبلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋارىسلىق قىلغان سەفا-مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈش ئادىتىنى ساقلاپ قېلىپ، بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ كەئبىنى يالىڭاچ ئايلىنىدىغان قىلىقىنى بىكار قىلدى؛ نىكاھ شەرىئىتىدە ئەرەبلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئۈچ تۈرلۈك نىكاھ ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىكاھ شەكلىنى ساقلاپ قالدى؛ ساھابىلەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن باشقا خانلىقلارنىڭ مۆھۈر تۇتۇش ئادىتىنى قوبۇللاپ، مۆھۈرگە "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" (ئاللاھنىڭ ئەلچىسى — مۇھەممەد) دەپ ئويدۇردى؛ بىرلەشمە جىھاد مەزگىلىدە، قارشى قوشۇننى پىرسىيەلىك سەلماننىڭ تەكلىپى بويىچە لەخمە كولاش تەدبىرى ئارقىلىق يەڭگەنىدى؛ ساھابىلەرمۇ رىملىقلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن پارسلارنىڭ غەللە-پاراق تۈزۈمىنى قوبۇللىغانىدى ... قىسقىسى، ئىسلامىيەتنىڭ يات مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى قوبۇللاش روھىنى شەرھلەشتە "ئىلىم چىندە (جۇڭگودا) بولسىمۇ، يىراق دېمەي بېرىپ ئۆگىنىڭلار!" دېگەن ھەدىسنىمۇ سەرخىل كەلىمە بولمىسا كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مۇسۇلمانلار بەجايىكى ھەسەل ھەرىسى كەبى ئېسىل شەربەتلەرنى سۈمۈرۈپ، مەززىلىك نازۇنېمەتلەرنى يىغىدۇ" دېگەنىدى؛ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلىمۇ: "ئىلىم — مۆمىنلەر يىتتۈرۈپ قويغان بىباھا گۆھەردۇركى، ئۇ ھەتتا مۇشرىكلاردا بولسىمۇ ھەر زامان تىلەپ ئالغۇلۇق!" دېگەنىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمان-ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى قەدىرلەپلا قالماي، پارس مەدەنىيىتى، رىم مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن خۇرۇج ئېلىش بىلەن بىللە، يۇناننىڭ ئىلىم مىراسلىرىنى قوبۇللاپ، ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ تاۋلىغان ۋە ئۇلارغا يېڭى مەنىلەرنى قوشقانىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا يۇنان پەلسەپەسىدىكى

مېتافىزىكىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىمان-ئېتىقادى ۋە مېتودولوگىيەسىگە مۇخالىپ تەركىبلەرنىلا شاللاپ چىقىرىۋەتتى. فىلىپ خۇرى ھىتتى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەپلاتون تەلىماتى بىلەن ئارىستوتېل تەلىماتى ئىبنى سىنا ۋە ئىبنى رۇشدلارنىڭ ۋاستىسىدە لاتىن دۇنياسىغا كىرىپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا پەلسەپە تەتقىقاتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى.“ مانا بۇلار ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئوچۇق پىكىرلىك ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ تىپىك دەلىللىرىدىن. ئاشۇ ئوچۇق پىكىرلىك مەدەنىيەت ئەينى زاماندا ”يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى“نى قوزغاپ، ئىسلام پەن-مەدەنىيىتىنى باشلامچى ئورۇنغا ئۆتكۈزگەنىدى. ئامېرىكا ئالىمى فىلىپ خۇرى ھىتتى مۇنداق دەيدۇ: ”ئەرەبلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغىنى قانداقتۇر ئىمپېرىيەلا ئەمەس، بەلكى بىر مەدەنىيەت. ئۇلار ئېفرات دەرياسى بويلىرى، دەجلە دەرياسى ۋادىسى، نىل دەرياسى ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقى قاتارلىق رايونلاردا بىر مەھەل سەلتەنەت سۈرگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، يۇنان-رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى قوبۇللاپ ئۆزلەشتۈردى. مۇسۇلمانلار كېيىن ئاشۇ مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپاغا يەتكۈزۈپ، غەرب دۇنياسىنى ئويغىتىش ئارقىلىق ياۋروپانى يېقىنقى زامان ئەدەبىيات-سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش يولىغا باشلاپ كىردى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھەرقانداق مىللەت ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشتا ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى.“

كەڭ قورساقلىق — مۇلاقات ۋە تەقدىرداشلىق ئىدىيەسىنىڭ مۇقەررەر مەزمۇنى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يات مەدەنىيەت تۈركۈملىرىگە تۇتقان كەڭ قورساقلىق پوزىتسىيەسى ئۇنىڭدىكى ھەممىباب قىممەت قارىشىنى مەنبە قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللىنىشكە باشلىغان زامانلاردا ئاللاھ تائالا: ”ئى ئەرەبلەر!“ دەپ ئەمەس، بەلكى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ (”بەقەرە“ سۈرىسى 21-ئايەت) دەپ خىتاب قىلغانىدى؛ ئۆزىنى: ”مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى“ ياكى ”ئەرەبلەرنىڭ ئىلاھى“

www.uyghurkitap.com

دەپ ئەمەس، بەلكى ﴿ئالەملەرنىڭ پەرۋەرىشكارى﴾ ("فاتىھە" سۈرىسى 2 ـ ئايەت) دەپ ئاتىغاندى؛ ئىسلامىيەتنىڭ بىرەر رايون ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا ئالدىدىكى بۇرچىنى جاكارلاپ، ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى پۈتكۈل ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ ("ئەنبىيا" سۈرىسى 107 ـ ئايەت) دەپ ۋەھيى قىلغانىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىلىق نامىزىنىڭ ئاخىرىدىكى دۇئاسىدا، ئىسلامىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا قىلغان رەھمىتىنى مۇنداق ئىبارىلەرگە يىغىنچاقلايتتى:

ئى رەببىم! سۇبھانالالاھ، كائىناتنىڭ غوجىسى، كۈللىياتنىڭ ھۆكۈمدارى، يېگانىلىكىڭگە شاھىدمەن!

ئى رەببىم! سۇبھانالالاھ، كائىناتنىڭ غوجىسى، كۈللىياتنىڭ ھۆكۈمدارى، مۇھەممەدنىڭ قۇلۇڭ ۋە رەسۇلىڭ ئىكەنلىكىگە شاھىدمەن!

ئى رەببىم! سۇبھانالالاھ، كائىناتنىڭ غوجىسى، كۈللىياتنىڭ ھۆكۈمدارى، جىمى بەندىلىرىڭنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىگە شاھىدمەن!

بۇ دۇئادىكى "قېرىنداش" ئىبارىسى قانداقتۇر ئەرەبلەر ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مىللەتلەرنى، خىلمۇخىل ئۆڭ ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەتنىكى ھەممە قەۋملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ بىردەك ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا ئاللاھ تائالانىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىرىدىن بولمىش گۇۋاھلىق سۆزىنى باراۋەر بايان قىلىش ئارقىلىق، تىلاۋەتلىرىنىڭ قانداقتۇر ئۆكۈت ـ نەسىھەتلا ئەمەس، بەلكى ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ مېھرىبانلىقىنى تائەت ـ ئىبادەتلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش يولىدىكى كۈندىلىك دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىگە ۋە بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان ھەر ۋاقىلىق نامىزىغا سىڭدۈرۈپ، ئاللاھ تائالا مەرھەمەت قىلغان ئۇ مېھرىبانلىقنىڭ قانداقتۇر پانىي دۇنيادىكى شەپقەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس

ھىممەت ئىكەنلىكىنى ئايان قىلغانىدى.

پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەر زامانىدا، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە بولغان كەڭ قورساقلىق ئىدىيەسى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ئىككى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىلىك ئەمەللىرىدىن ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بىر مېيىتنى لەھەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، مېيىتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋېدى، بىراۋ ئېيتتى:

— ئۇ بىر يەھۇدىيغۇ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياندۇرۇپ سورىدى:

— يەھۇدىي ئادەم ئەمەسمۇ؟

شۇڭا، ئىسلامىيەتتە ”زاتى ئېسىل قەۋم“، ”پەرۋەردىگارنىڭ نەزەرى چۈشكەنلەر“ دېگەندەك تۇترۇقسىز نەزەرىيەلەرگە ئورۇن يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: ”ئىنسانلار ئۆزئارا باراۋەركى گويا تارغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشايدۇ؛ ... ئەرەبلەر يات قەۋملەردىن ئۈستۈن ئەمەس، يات قەۋملەرمۇ ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئەمەس؛ ئاق ئۆڭلۈكلەر قارا ئۆڭلۈكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، قارا ئۆڭلۈكلەرمۇ ئاق ئۆڭلۈكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس؛ ئىنسانلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى پەقەت ئاللاھ تائالاغا بولغان تەقۋادارلىققىلا باغلىقتۇر.“

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان زامانلاردا، نەجراندىكى ناسارالار بىلەن ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھامىيلىقىدىكى ناسارالارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى قوغدايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېپىسكوپ ۋە باستىرلىرىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا پۈتۈملەشكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پۈتۈممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ناسارالار بىلەن قىلىشقان ئەھدىنىڭ راۋاجى ئىدى. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتىدە ئۇلارنىڭ ھىممىسى ئەبەدىلئەبەد ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پاناھىدا تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا، ئېرۇسالىمدىكى ناسارالار بىلەن تۈزۈلگەن پۈتۈمدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: ”يات

دىندىكىلەرنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى، چېركاۋ ۋە سەلىبلىرى ئامان-ئېسەن ساقلىنىدۇ؛ باشقىلارنىڭ چېركاۋلارنى ماكان تۇتۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ چېركاۋدىكى سەلىب قاتارلىق ھەرقانداق نەرسىلەرگە زىيان-زەخمەتتىن قوغدىلىدۇ؛ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ناسارالارنىڭ ئېتىقادىنى كەمسىتىشىگە ۋە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشىگە ئىمكان بېرىلمەيدۇ ...." خەلىپە ئۆمەر بۇ پۈتۈمگە ئۆزى باش بولۇپ ئەمەل قىلغانىدى. بىر كۈنى خەلىپە ئۆمەر ئېرۇسالىمدىكى چېركاۋدىكى چاغدا ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ نامازنى چېركاۋدا ئوقۇمىدى. چۈنكى، خەلىپە ئۆمەر كېيىنكى كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ چېركاۋنى مەسچىت قىلىۋېلىپ، ناسارالارنى قوغلاپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. مىسىر ۋالىيسى ئامۇرنىڭ ئوغلى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، قۇبتىدىكى بىر ناسارانىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ قويغانىدى. قۇبتىلىقلار مىسىردىن مەدىنەگە ئاتايىن كېلىپ، خەلىپە ئۆمەرگە مىسىر ۋالىيسىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. خەلىپە ئۆمەر دەۋاگەرنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئامۇر بىلەن ئوغلىنى دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، قۇبتىلىقنىڭ ئوغلىغا: "سېنى قانداق ئۇرغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق ئۇرۇۋال!" دەپ بۇيرۇدى ۋە ئامۇرنى: "ئىنسان ھاياتقا ھۆر يارالغان تۇرسا، باشقىلارنى قۇل قىلىش ھوقۇقىنى ساڭا كىم بەردى؟!" دەپ ئەيىبلىدى. خەلىپە ھەزرىتى ئەلى دۇبۇلغا-ساۋۇتىنى يىتتۈرۈپ قويغانىدى، ئۇنى بىر ناسارا تېپىۋالدى. ھەزرىتى ئەلى كېيىن دۇبۇلغا-ساۋۇتىنى ھېلىقى ناسارانىڭ ئۈچىسىدا كۆرۈپ تونۇدى. ناسارا: "بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ دۇبۇلغا-ساۋۇتى" دەپ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئەلى دېدىكى: "بۇنى پەقەت قانۇنلا ئادىل ھۆكۈملىگەي!" شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا باردى. قازى ھەزرىتى ئەلىدىن دۇبۇلغا-ساۋۇتنى مېنىڭ دەيدىغانغا ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ھەزرىتى ئەلى ئىسپات كۆرسىتەلمىدى. قازى دۇبۇلغا-ساۋۇتنىڭ ناسارانىڭ ئۈچىسىدا تۇرغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ناساراغا بۇيرۇپ بەردى. ئەمما، ناسارا قازىنىڭ دۇبۇلغا-ساۋۇتنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ

24

باقمىغانىدى. بۇنىڭغا ھەيران قالغان ناسارا ئىختىيارسىز شۇنداق دېدى: ”بۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىگە شاھىدمەنكى، خەلىپە مېنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى؛ قازى دۇبۇلغا-ساۋۇتنى ماڭا بۇيرۇغاچقا، مەن ئۇتتۇم، خەلىپە ئۇتتۇردى؛ ئەمما، خەلىپىنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقى بەش قولدەك ئايانىدۇر! ئى، بەندىلەرنىڭ يولباشچىسى! لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن! بۇ دۇبۇلغا-ساۋۇت دەرھەقىقەت سېنىڭ؛ ئېتىڭنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغاندا تېپىۋالغانىدىم.“ ئەمما، ھەزرىتى ئەلى:

— سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇڭ، — دېدى ناساراغا، — ئەمدى دۇبۇلغا-ساۋۇت سېنىڭ بولسۇن!

مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئەل ئاتىسى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرا (مەدەنىيىتى يات قەۋم)غا تەڭ كۆزدە قارىيالىغان ئىسلام مەدەنىيىتى ”دۇنيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدە بىر قېتىملىق زور ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ“، ”پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن پىرلىرى تۇشمۇتۇشتىن مەيدانغا كەلگەن دەۋرنى ياراتتى“.

ئىسلامىيەت ئاشۇنداق قوينى كەڭ مەدەنىيەتتۇركى، ئىسلام ئەللىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش قاتارلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي يوسۇنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايتتى. جۈملىدىن، ساھابىلەر ئۇ زاماندا مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالارغا: ”ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىشلارنى ئۆز ئەركى بويىچە بىر ياقلىق قىلغاي!“ دەپ يارلىق قىلغانىدى. ئىسلام مەدەنىيىتى مۇسۇلمان بولمىغانلار ”ھالال“ ھېسابلىغان ئىشلاردا ئۇلارنى ئۇچايسىزلاندۇرمايدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە چوشقا گۆشىنى قەتئىي يېيىشكە بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان، ئىسلامىيەتتە ھاراقنىڭ بارلىق يامانلىقنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامىيەتتە مۇسۇلمان ئەمەس (ناسارا) لەرنىڭ چوشقا گۆشى يېيىشى، ھاراق-شاراب ئىچىشى مەنئىي قىلىنغان ئەمەس. ھەتتا بىر قىسىم فەقىھلەر ناسارالارنىڭ چوشقا گۆشى ياكى

ھاراق-شارابىغا زىيان سالغانلاردىن ئۇنى ئۆز باھاسىدا تۆلەپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئالىم جون ل. ئېسپوسىتو ئىسلام دىنى بىلەن ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ قورساقلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ۋىزانتىيە ۋە پېرسىيە دىيارىدىكى چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرىغا ئەل بولغان مۇسۇلمان بولمىغانلار ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلىنغان ئەمەس؛ ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇسۇلمان بولمىغانلار ئۈچۈن پەقەت ھۆكۈمرانىنىڭ ئالماشقانلىقىدىنلا دېرەك بېرەتتى، يەنە كېلىپ يېڭى ھۆكۈمران ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىشلىق، تېخىمۇ كەڭ قورساق ئىدى. مانا ھازىر نۇرغۇن كىشى تېخىمۇ كەڭرى يەرلىك ئاپتونومىيەدىن بەھرىمەن بولماقتا، تاپشۇرىدىغان باج-سېلىقى تېخىمۇ ئازىيىپ بارماقتا .... دىن نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىسلام دىنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنى تېخىمۇ كۆپ دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەپۇچان دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى."

جون ل. ئېسپوسىتو ھازىرغىچە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ھاياتلىق بەخش ئېتەلەيدىغان ئۇنداق سىياسەت ئۆز ۋاقتىدىكى خرىستىيان ئەللىرىنىڭ ئەسەبىي ئىچى تارلىقىغا كۈچلۈك سېلىشتۇرما ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد II زامانىسىدىكى بالقان دېھقانلىرى دائىم: 'تۈركلەرنىڭ سەللىسى پاپانىڭ بەھەيۋەت تاجىدىن ئۇلۇغكەن' دېيىشەتتى."

ئەنگلىيە ئوتتۇرا شەرق تارىخى تەتقىقاتچىسى بېرنارد لۇيىس ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام مەدەنىيىتى كامالەتكە يەتكەن زامانلاردا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى نۇرغۇن جەھەتتىن شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىقارغانىدى ... ئىسلام دىنى ئەلچىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ۋەھيى قىلىنغان بۈيۈك ھەقىقەتنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى

جاكارلاش بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان تۇنجى دىن ئەمەس. جۈملىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ئاللاھتىن ۋەھيى ئالغان ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام دىنى ھامىيسى، ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى پانىيدىكى بەندىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن پەيغەمبەر. مۇسۇلمانلار — مۇشۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش يولىدا قۇدرەت بىلەن ئالغا باسقان تۇنجى قەۋم. ئۇلار بىرلا قەۋم، رايون ۋە مەدەنىيەت پاسىلىدىن ھالقىپ كەتكەن دىن مەدەنىيىتىنى ياراتتى. دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كامالەتكە يەتكەن ئىسلامىيەت — نۇرغۇن قەۋمگە چېتىلىدىغان، ھەتتا قىتئەلەرنى ئۆزئارا باغلىغان دۇنياۋى مەدەنىيەت." "يىراق قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يۇنانلاشقان مەدەنىيەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزگىچە يول تۇتقان. قىسقىسى، ئىنسانلارنى زامانىۋى ھەممىباب مەدەنىيەتكە باشلىغىنى قانداقتۇر يۇنانلىقلار ياكى لاتىنلاشقان خىرىستىيان مەدەنىيىتى بولماستىن، ئەكسىچە، ئەرەبلەر ياراتقان ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر."

1400 نەچچە يىللىق ئەگرى-توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىسلام مەدەنىيىتى نۇرغۇن تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان "دۇنياۋىلىشىش" دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئاجايىپ خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. جۈملىدىن، "11-سېنتەبىر ۋەقەسى"دىن كېيىن، ئامېرىكا باشلىغان "تېررورلۇققا قارشى" ئۇرۇشتا ئافغانىستان بىلەن ئىراق قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلدى (گەرچە ئۇرۇش تېخى ئاياغلاشمىغان بولسىمۇ)؛ بۇ ھال سەمیۇئېل خانتىڭتوننىڭ "مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى" نەزەرىيەسىنى قوللايدىغانلارغا تەييار دەستەك بولۇپ بەردى. ئەمما، بۇنى "مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى" دېگەندىن كۆرە "نېفىت تالىشىش ئۇرۇشى" دېسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى كۆزى ئوتكۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان. بەزى ئەللەر گەرچە "تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش"تا قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، "تېررورىزم"غا قەستەن زېمىن ھازىرلاپ، شەرق ۋە غەرب دانىشلىرىنىڭ بىردەك تەشەببۇسىدىكى "مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى"غا كاشىلا پەيدا قىلغان بولسىمۇ، "مەدەنىيەتلەر

www.uyghurkitap.com

توقۇنۇشى" دېگەن بۇ ئەپسانىگە ئىشەنمەيدىغان ئاساسىي ئېقىمدىكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە، مەدەنىيەتلەر ئارا ئاساسىي مۇقام قانداقتۇر قارشىلىشىش ۋە ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇچرىشىش ۋە سىڭىشىشتۇر. "ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە سىڭىشىش"نىڭ "ھەرقايسى قەۋم ۋە ئىنسانلار توپى (مەدەنىيەت)"نىڭ ھاياتلىق نىشانى ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم»دە بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇنلا بايان قىلىنغان. جۈملىدىن ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق؛ ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ...﴾ ("ھۇجۇرات" سۈرىسى 13-ئايەت). دېمەك، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى كەڭ قورساقلىق ۋە مۇلاقاتچانلىق دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە يۈرۈشى، موڭغۇللارنىڭ غەربنى ئىستىلا قىلىشىدەك "توقۇنۇش"لار ھەممىگە ئايان بولغان زامانلاردىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. مىسالەن، سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ھەق تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىشقا قۇربى يەتمىگەن مىڭدىن ئارتۇق يوقسۇل ئەسىرنى بىراقلا قويۇپ بېرىپ، ئەھلىسەلىپكە ئىسلام دىنىنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ دىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى ئەھلىسەلىپىنىڭ ئاتامانى ئالائىن رىچاردىنىڭ 2700 ئەسىرنى بىراقلا قەتلىئام قىلىۋەتكەنلىكىگە كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولغانىدى؛ موڭغۇللارنىڭ غالىب قوشۇنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇللاپ، ئۇنى يىراق-يىراق جايلارغا تارقاتقانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەر ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن "ئىس-تۈتەك"لەرنى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر ۋەجىدىن ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى بەزىبىر جايلارغا زورلاپ تىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ "مەدەنىيەت ساھىبى"لىق سالاھىيىتى ۋە شان-شەرىپىگە مۇخالىپ ئەمەللەردە بولماقتا. ئەمما، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئەپۇچانلىق ۋە مۇلاقات روھى يەنىلا بۇرۇنقىدەك مۇستەھكەم. مىسالەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىراننىڭ سابىق پىرىزىدېنتى سەييىد مۇھەممەد ھاتەمىنىڭ

تەكلىپىگە بىنائەن، 2003-يىلىنى دۇنياۋى ”مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىش يىلى“ قىلىپ بېكىتتى؛ يۇسۇف قەرزاۋى ۋەكىللىكىدىكى غوللۇق ئىسلام ئالىملىرى غەرب ئالىملىرى بىلەن سۆزلىشىش مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان دۇنياۋى مۇھاكىمىلەردە، غەرب دۇنياسىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئاقىلانە ۋە ھەققانىي پوزىتسىيە تۇتۇشىنى مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنى خالىسلىق ۋە كەڭ قورساقلىققا ئۈندەپ، ئاشقۇنلۇق بىلەن تېررورلۇقنى پەيدا قىلغۇچى مەنبەنى ئۆزئارا-كېسىل قۇرۇتۇشقا چاقىردى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئالىملارنىڭ ئىلمىزىنىڭ يېنچۇەن، كۈنمىڭ ۋە بېيجىڭ شەھەرلىرىدە ”ئىسلام مەدەنىيىتى-بۇددا مەدەنىيىتى ئۇچرىشىشى“، ”ئىسلام مەدەنىيىتى-كۇڭزى مەدەنىيىتى ئۇچرىشىشى“ قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە قانات يايدۇرغان خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىلىرىنىڭ خىلمۇخىل دىن ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەر ئارا ئىناقلىقتا بىللە ئۆتۈشكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتىكى تەسىرى چوڭقۇر بولدى. قىسقىسى، بۇ پائالىيەتلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى يېگانە سۈلكەت-سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، زوراۋانلىق سىياسىتى ۋە زومىگەرلىك دىپلوماتىيەسىنى ئۆزئارا-كېسىل تۈگىتىپ، دۇنياۋى تىنچلىق ۋە ئىناقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى مۇراجىئەتنىڭ نامايەندىلىرىدۇر.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا چۈشىنىش ۋە ئەپچىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئەدناسى، بىر-بىرىنى چۈشىنىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلەر ئارىسىدا ئىناقلىقتا بىللە ئۆتۈشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ”11-سېنتەبىر ۋەقەسى“دىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى مۇسۇلمانلارنى تېررورچىلارغا تەڭلەشتۈرۈۋالدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسىگە پۈتۈنلەي مۇخالىپ. قىسقىسى، بىز مۇلاقاتقا، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىشكە موھتاج. چۈنكى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش — ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭلا ئەمەس، بەلكى تىنچ يىللاردىكى مەدەنىيەتلەر

ۋە دىنلار ئارا ئىناقلىقتا بىللە ئۆتۈشنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى.

بۇ مەجمۇئە ئىسلامىيەت ھەققىدە يېزىلغان ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەردىن مۇئەللىپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئىكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرى ئىلگىرىكىدەك مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ئىسلامىيەت ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش بىلەن بىللە، مۇسۇلمان ئالىملار يازغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى سەمەرىلىرىنى مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. دىن مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتتا ھەممىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەنلا "ئىش تامام، ۋەسسالام" قىلىشقا بولمىسا كېرەك. چۈنكى، دىن دېمەك بىۋاسىتە تۇيغۇ ۋە تەسرات دېمەكتۇر؛ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئەينەن تەتبىقلاش دېمەكتۇر. شۇڭا، دىن مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا باشقىلارنىڭ بايانلىرىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۆزىنىڭ شەرھلىرىمۇ بولۇشى شەرت. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "دىن تەتقىقاتىدا نەزەرىيە قاتلىمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئاشۇ دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە روھىيىتىگە شۇڭغۇپ كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا دىنىنىڭ يادرولۇق ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ." بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىر تۈركۈم نەۋقىران مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ تاراتقۇلاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇچۇر ۋە ساۋاتلارنى جۇڭگولۇقلارغا ئۆز ئاغزىدا بايان قىلىپ بېرىشى ئەلۋەتتە تەرىپكە نائىل زۆرۈرىيەت. بولۇپمۇ دۇنياۋى تاراتقۇلارنىڭ پىكىر ھوقۇقى پۈتۈنلەي غەرب دۇنياسىغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى دەۋردە، دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىزھار قىلىشى كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە تەۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ زۆرۈر ئىنكاسى، شۇنداقلا ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر مەجمۇئەدە ئىسلامىيەتكە دائىر ئاساسىي مەزمۇن ۋە







www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭا، تۇرمۇش رىتمى تېزلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈنىڭدىن ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىغا ئائىت مەزمۇنلارنى تېز ئىگىلىۋالالايدۇ. مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئاۋام ـ پۇقرا، ئەكس ئەتتۈرگىنى "ساۋات"لار بولسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپلەرنىڭ مەلۇماتى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى خىلمۇخىل بولغاچقا، چۈشىنىشلىك "ساۋات"لارنىڭ ئارىسىغا قىيىنراق كەسپىي ئاتالغۇلار ياكى مەزمۇنلار كىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئوقۇرمەنلەر ئادەتتىمۇ مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى خاھىشەن تاللاپ قوبۇللايدىغان بولغاچقا، خىلمۇخىل ئۇسلۇبتىكى بۇ مەجمۇئەدىن ئوقۇرمەنلەر ئۆز خاھىشى بويىچە بەھرە ئالالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنداق ئەسەرلەرنى تۈزۈش تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغىنى ئۈچۈن، كىتابلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىدە نۇقسانلار مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەر ئايانماي تۈزىتىشىپ بەرگەي. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: "ھەرقانداق ئادەمدىن سەۋەنلىك ئۆتىدۇ، ئەمما سەۋەنلىكىگە ۋاقتىدا تەۋبە قىلغانلار ـ ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرىدۇر" دېگەنىدى. دېمەك، بەندىلەر يازغان ئەسەرلەردىكى سەۋەنلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ ئوڭشاشمۇ نورمال ئىشلاردىن. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ مەجمۇئە قۇم ـ شېغىل چېچىپ ئۈنچە ـ مارجان ئالغاندەك ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ ئىلمىي كىتابلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. ئىلىمىز — مەدەنىيەتتە بۈيۈك دۆلەت. شۇڭا، غەربنىڭ پىكىر زومىگەرلىكىنى تەرك ئېتىپ، ھەم ئېلىمىزگە، ھەم دۇنياغا مەنسۇپ بولغان ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. "يولۇم چەكسىز ئاياغسىمدا، ئۇزاق مەنزىل كۆتەر شۇنچە؛ بىراق ئىزدەپ ھەقىقەتنى، تېنىم قاندىن تۆكەر ئۈنچە" (چۇ يۈەننىڭ «جۇدالىق زارى» ناملىق ئەسىرىدىن ـ تەرجىماندىن). ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدە، بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئاساسىغا ۋە ئۇچۇق

پىكىرلىك، ئەپۇچان مەدەنىيەت سىياسىتىگە نائىللىقى بىلەن ئىلمىز ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى چەكسىز ھەم پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشكۈسى.

**سالىھ**

2011 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# مۇندەرىجە

نەشرىياتتىن ........................................ 1
ھايات گۈزەللىكىگە ئىنتىلىپ، مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى تارتىلىلى ......
—«ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى»گە باش مۇقەددىمە ...
...............................ئىبراھىم ما چىمىڭ 4
ئەزگۈ مەدەنىيەت، يوقالماس ئەبەد ......................................
—«ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال-جاۋابلار مەجمۇئەسى»گە مۇقەددىمە .........
سالىھ ...................................... 10

## بىرىنچى باب: ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتى

### قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە ئىسلام سەنئىتى

1. قۇرئان كەرىم ئىسلام سەنئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ..... 1
2. قۇرئان كەرىمدە شەيئىلەر قانداق تەسۋىرلىنىدۇ؟ ......... 5
3. قۇرئان كەرىمدىكى جەننەت تەسۋىرلىرى ئىسلام سەنئىتىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ ....................................... 9
4. ھەدىس شەرىف ئىسلام سەنئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ .. 10

## ئىككىنچى باب: ”تەسمىيە“ سەنئىتى

### ”تەسمىيە“ سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەركىبى

5. ئىسلام سەنئىتىدە نېمىشقا ”تەسمىيە“ خەتتاتلىقىغا ۋە ئۇنى زىننەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؟ ..................... 13
6. ”تەسمىيە“ سۆزى قانداق كېلىپ چىققان؟ ............ 16
7. ”تەسمىيە“ سۆزى قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەن؟ .............. 17

"تەسمىيە"نىڭ يېزىلىش شەكىللىرى ۋە قۇرۇلمىسى

8. "تەسمىيە"نىڭ قانچە خىل يېزىلىش شەكلى بار؟..............20

9. "تەسمىيە" قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن؟ ..................23

## ئۈچىنچى باب: ئەرەب خەتتاتلىقى

ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

10. ئەرەب تىلى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ ......................26

11. جاھالەت دەۋرىدىكى "ئۈچ پارچە تاش ئويما" بىلەن خەتتاتلىقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ..................................27

12. جاھالەت دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟................31

13. ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان دەۋردىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟..................................................32

14. تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟ ...........36

15. ئۇمەييە خاندانلىقى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟.....37

16. ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟....40

17. فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟......41

18. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟....42

ئەرەبچە خەت نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

19. ئەرەب يېزىقىدا نەچچە خىل خەت نۇسخىسى بار؟ ............45

20. كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ .......46

21. نەسخ خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟........48

22. سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ .....51

23. پارس خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ .......54

24. دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ......56

25. رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ .......60

ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان مەشھۇر خەتتاتلار

26. ئابباسىيلار سۇلالىسىدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟ ....63





www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

27. تۈركىيەدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟ ............67
28. ئەرەب ئەللىرىدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟ .........75
29. ھازىر باشقا دۆلەتلەردە يەنە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار بار؟....79

جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقى

30. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقى دېگەن نېمە؟ ........86
31. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ .................................87

قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈش

32. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىمنى قانداق كۆچۈرگەن؟ ...89
33. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى كۆچۈرگەن قۇرئان كەرىمنىڭ شەكلى ۋە زىننەتلىنىشىدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟ ...................90
34. خەتتاتلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق كۆچۈرۈشمىدى؟ ..............................94



# تۆتىنچى باب: ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئالاھىدىلىكى

35. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ .........100
36. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق ئىدى؟.....103
37. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ......104
38. ھۆسنخەت نەقىشلىرىدىكى نۇسخىلاش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟.......................................110
39. ئىسلام نەققاشلىقىدا نېمىشقا گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر ئىشلىتىلىدۇ؟ 111 ..............................................
40. ئىسلام نەققاشلىقىدا نېمىشقا ئۆسۈملۈك نەقىشى ئىشلىتىلگەن؟ .. 112..............................................

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى

41. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قايسى رايونلارغا بۆلۈنىدۇ؟.......114

42. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانچە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟......116
43. مىسىر ۋە شام رايونىدىكى ئىسلام نەققاشلىقى قانداق ئىدى؟......
118.........................................................
44. تۈركىيە ئىسلام نەققاشلىقى سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟.
120 .........................................................
45. مەغرىب ۋە ئەندەلۇسىيەنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق ئىدى؟.......................................122
46. پارس ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟
124.........................................................
47. ھىندىستان ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟.......................................125
48. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟..............................128

## بەشىنچى باب: ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى



ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى

49. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق دېگەن نېمە؟............ 131
50. ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ قانداق ئۇسلۇبلىرى بار؟............ 133

مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتى

51. مەسچىت قايسى ئاساسلىق قۇرۇلۇش شەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ؟
138 .........................................................
52. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۈچ چوڭ مۇقەددەس مەسچىت قەيەردە؟...
148 .........................................................

ئوردا ـ ساراي ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى

53. ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئوردا ـ سارايلار قايسىلار؟..... 154
54. ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قەلئەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟.....
157 .........................................................

55. مۇسۇلمانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ۋە مەدرىسەلەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟.....................159

## ئالتىنچى باب: مۇسۇلمانلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتى

ئىسلام دىنىدا رەسىم ۋە ھەيكەللەر چەكلىنىدۇ

56. ئىسلام دىنىدا نېمىشقا رەسىم ۋە ھەيكەللەر چەكلىنىدۇ؟ ..... 165

57. مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساشتىن چەكلىنىدۇ؟ ........................... 169

58. ئىسلام دىنىدا جانلىقلارنىڭ رەسىمنى سىزىش ۋە ھەيكىلىنى ياساشنىڭ چەكلىنىشى سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ ........................... 169

ئىسلام رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

59. ئىسلام سەنئىتىدە ھۆسنخەت ئارقىلىق رەسىم قانداق سىزىلىدۇ؟ .. 177 ..........................................

60. ئىسلام رەسساملىق سەنئىتىدە قىستۇرما رەسىم قانداق بولىدۇ؟ ... 180 ..........................................

ئەل ئارا رەسساملىق سەنئىتى

61. تۈركىيەنىڭ ئەبرۇ رەسساملىق سەنئىتى قانداق سەنئەت؟ .... 181

62. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھۆسنخەت رەسساملىقى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ ........................... 185

63. ئەرەب ئاياللىرىنىڭ قولىدىكى خىنە گۈللەر قانداق سىزىلىدۇ؟..... 187 ..........................................

ئىسلامى كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى

64. ئىسلامى كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ 191 ..........................................

65. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك بۇيۇملىرى سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ ........................... 199

66. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى مېتال سەنئەت بۇيۇملىرى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ ......................... 201

67. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ ئويما بۇيۇملىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ......................... 206

68. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ساپال بۇيۇملار قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ......................... 209

69. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى توقۇلما بۇيۇملار قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ......................... 211

ئىسلامىي كىيىم-كېچەكلەر

70. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىنىشى ھەققىدە قانداق ئەھكاملار بار؟ ......................... 214

71. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ......................... 216

ISLAMIC ART

بىرىنچى باب

# ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتى

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى چوڭقۇر، ئىسلام سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. تۈركىيەنىڭ كىتاب زىننەتچىلىكى، مىسىر ۋە سۈرىيەنىڭ ئەينەكچىلىكى، ئىراننىڭ ساپالچىلىقى، ماراكەشنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىقى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ھەمدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتىگە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت جىلۋىسى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان بولۇپ، نەپىسلىكى ۋە ئېسىللىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق.

ئىسلام ھۈنەر سەنئىتى نەپىس، تېخنىكىسى يۇقىرى، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، تۈرى كۆپ، چىرايلىق ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، كىشىلەرگە گۈزەل سەنئەت گۆھەرلىرىنى قالدۇرۇپ، ئىسلام سەنئىتىنىڭ كۆركەملىكى ۋە ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

## قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە ئىسلام سەنئىتى

### 1. قۇرئان كەرىم ئىسلام سەنئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىم جەمئىي 30 پارە، 114 سۈرىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە 86 سۈرە مەككىدە، 28 سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. مەدىنىدىكى قۇرئانشۇناسلارنىڭ ھېسابلىشىچە،

قۇرئاندا جەمئىي 6211 ئايەت، 7792 سۆز، 323 مىڭ 621 ھەرپ بار.

قۇرئان كەرىم 609 ـ يىلىدىن 632 ـ يىلىغىچە بولغان 23 يىلدا شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشلار، جەمئىيەت ۋە ئىسلامنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەينى ـ كەينىدىن نازىل بولغان. ئەڭ دەسلەپتە نازىل بولغان سۈرىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ {"ئەلەق" سۈرىسى، 1 ـ 5 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە "قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى" دەپ، كىشىلەرگە بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن. ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتتە ئاللاھ تائالا ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ {"مائىدە" سۈرىسى، 3 ـ 5 ـ ئايەت} دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ۋەھيى چۈشكەندە ئۇنى دەرھال ئەتراپىدىكى ساھابىلىرىگە يەتكۈزەتتى ھەمدە كىشىلەرنى دەرھال خاتىرىلىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى، ساۋاتسىزلار ئۇنى قەلبى ۋە ھىفزى قۇۋۋىتى بىلەن ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۇنى باشقا ساھابىلەرگە يادلاپ بېرەتتى. قۇرئان كەرىم تەلىماتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىجرا قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. دېمەك، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قۇرئان كەرىم ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىسلام ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستە ئىدى.

قۇرئان كەرىم مۇقەددەس كىتاب بولۇپلا قالماي، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى تۈزەيدىغان سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت، ھەربىي ئىشلار، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن قاتارلىق ئىلىملەرنىمۇ

ISLAMIC ART

ئۆز ئىچىگە ئالغان بىباھا قامۇس، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ مۇھىم تارىخىي مىراسى ھەمدە تۇنجى بولۇپ ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا پۈتۈلگەن، تىلى گۈزەل، تاۋلانغان، پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭداشسىز كاتتا كىتابتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ تىلى ساپ، پاساھەتلىك ۋە رىتىملىق، سۆز بايلىقى مول. 20 - ئەسىردىكى ياۋروپا كىرىپلەن ئوركېستىر ئۆمىكىنىڭ دىرىژورى جورج سېل (1897 — 1970) مۇنداق دېگەن: ”قۇرئاننىڭ تىلى گۈزەل، راۋان... بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە سۈپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن يەرلەر تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، ھەتتا مۇھەممەدنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.“


قۇرئان كەرىم ئىسلام سەنئىتىنىڭ مەنبەسى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان سەنئەتكارلار بۇ ئۇلۇغ كىتابتىن ئىلھام ئېلىپ، ئىسلام سەنئىتىنىڭ بۈلىقى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بەرپا قىلغۇچىلارغا ئايلاندى. قۇرئان كەرىمنىڭ روھىي ماھىيىتى، ئايەتلەردىكى گۈزەل تەسۋىرلەر ئىسلام سەنئىتىنىڭ بىخلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا، ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، نەتىجىدە ئىسلام سەنئىتى دۇنيا سەنئەت بېغىدىكى مۇستەقىل ئېستېتىكا ئۇقۇمى ۋە ئۆزگىچە گۈلگە ئايلاندى. ئەرەب سەنئەتكارلار قۇرئان كەرىم ئايىتىدىكى ”يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن ئاسمان“ دېگەن تەسۋىرگە ئاساسەن، دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن گېئومېترىيەلىك نەقىش نۇسخىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى؛ ”يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى“ دېگەن ئايەتكە ئاساسەن ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى ئىجاد قىلدى؛ ”تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى“ دېگەن تەسۋىرگە ئاساسەن، نەققاشلار كۆك رەڭنى ئاساسلىق زىننەت رېڭى قىلدى. ئايەتلەردىكى ”ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان“ جەننەت تەسۋىرى ئوردا سەنئىتىدە سۇ بىلەن فونتاننىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىشلىتىلىشىگە تۈرتكە بولدى، بۇلار ھەرگىز چۆلدە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ گۈزەل جەننەتكە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىپادىسى. جۇڭگونىڭ ئوردا ئىمارەتچىلىكىدە سۇ توشقۇزۇپ قويىدىغان چوڭ ئىدىش بىلەن سىپىل سىرتىدىكى خەندەك ئۆستەڭلا بار، قەسىر ئىچىدە سۇ بىلەن فونتان يوق. قۇرئان ئايەتلىرىدىكى "ئۈزۈمزارلىق، ئانار بېغى، خورما دەرىخى، زەيتۇن دەرىخى" تەسۋىرلىرى ئۇلارنى ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھويلىلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئايلاندۇرغان.

شۇنىڭ ئېيتىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمنىڭ تىلى گۈزەل رىتىمغا ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. قارىيلار قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلىپ مەسچىتنىڭ ھەممە يېرىگە يەتكۈزىدۇ، بۇ مىمارلارنىڭ مەسچىتكە ئويۇق شەكىللىك مېھراب، گۈمبەز ۋە ئېگىز ئەزان مۇنارلىرىنى لايىھەلىشىگە تۈرتكە بولغان.



1-1- رەسىم ئوردىدىكى كۆلچەك ۋە فونتان

## 2. قۇرئان كەرىمدە شەيئىلەر قانداق تەسۋىرلىنىدۇ؟

قۇرئان كەرىمدە تەبىئەت ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن دانىنى ۋە ئۇرۇقنى بىخلاندۇرغۇچىدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچىدۇر. ئەنە شۇ ھەقىقىي ئىلاھتۇر. سىلەر قانداقمۇ (بۇ ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيسىلەر؟ ئاللاھ سۈبھىنى قاراڭغۇدىن يېرىپ چىقارغان، سىلەر ئۈچۈن كېچىنى ئارام ۋاقتى، قۇياش بىلەن ئاينى ۋاقىت ھېسابلىغۇچ قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. ئەنە شۇلار غالىب ۋە ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. ئاللاھ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرنىڭ يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ ئايەتلەرنى بىلەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بالىياتقۇسىدا قارارلاشتۇرغان زاتتۇر. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇ شۇ يامغۇر بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، يەنە يېشىل مايسىلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى، ئۈزۈملۈك باغلارنى، بىر - بىرىگە بەزى جەھەتتىن ئوخشايدىغان ۋە بەزى جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، سىلەر ئۇلارنىڭ مېۋىلىگەن چاغدىكى يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ئوچۇق دەلىللەر بار ﴾ {"ئەنئام" سۈرىسى، 95 ـ 99 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن بىز باھاردا يامغۇرنىڭ تۇپراقنى جانلاندۇرۇپ بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى

بىخلاندۇرىدىغانلىقىنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېشىل ياپراقلارنى چىقىرىپ، كۆزدە مول مېۋە بېرىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ تەبىئەت تەسۋىرلىرىدىكى ئالاھىدە كەيپىيات، شېئىرىي مەنىگە تويۇنغان بەدىئىي يۈكسەكلىك شەيئىلەردىكى چەكسىز ھاياتىي كۈچنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى رەڭگارەڭ، ئاجايىپ گۈزەل دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى)، تاغلارنىڭ ئاقلىرى، قىزىللىرى، چىپارلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ﴾ {"فاتىر" سۈرىسى، 27 ـ ، 28 ـ ئايەت}.

﴿ دۇنيا ھاياتى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق زىننەتلەنگەن، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق دەپ ئويلاپ تۇرغان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا بالايىمىز يەتتى ـ دە، ئۇنى تۈنۈگۈن يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز ﴾ {"يۇنۇس" سۈرىسى، 24 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن دۇنيادا ھەر خىل ئىشلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، مېھىر ـ شەپقىتىنى زېمىنغا كەڭ يايدى؛ يامغۇر سۈيى بىلەن زېمىندا رەڭگارەڭ ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، چىرايلىق دۇنيانى شەكىللەندۈردى؛ كىشىلەردە گۈزەل خىياللارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە

تولدۇردى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى، ئۈركەشلەۋاتقان سۇلارنى كىشىلەرگە بىر پارچە سۈرەتتەك تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

﴿ ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە بۇ شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ھالاكەت قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: «(ئى ئاللاھ!) ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم ساڭا شۈكۈر قىلاتتۇق» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى پەقەتلا ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، سىلەر بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز ﴾ [”يۇنۇس“ سۈرىسى، 22-، 23-ئايەتلەر].

بۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى گويا كۆپكۆك دېڭىزدا، ”تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى“دا، شىددەتلىك قاينام ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىمىز، ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار، تاغدەك ئۈركەشلەۋاتقان دېڭىز سۇلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، قەلبىمىز زىلزىلىگە كېلىدۇ، نەزەرىمىزنى يىراققا تاشلاپ ئويلىنىمىز. سەنئەتكارلار بۇنىڭدىن مول تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي ئىلھامغا ئېرىشىدۇ. كىشىلەر ”شامال يۆنىلىشىگە قاراپ كېمە ھەيدەش“ ئىلھامىغا ئىگە بولۇپ، يېڭى كەلگۈسىنى ئىرىشىپ يارىتىدۇ.

كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر ۋە ئاي-يۇلتۇزلارنىڭمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بار. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بىز ئۇلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ، زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق ۋە ئۇ باغلاردا

بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ھالبۇكى، بۇ مېۋىلەرنى ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمامدۇ؟ ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىققىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپى بار. ئۇلارغا كېچىمۇ بىر دەلىلكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋەتسەك، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ ئاخىردا خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئورنىنى بېسىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى) توشقۇزۇلغان كېمىگە چۈشۈرۈشىمىز ئۇلارغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزىدۇر. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق. ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىمۇ بولمايدۇ. پەقەت بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ھاياتتىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار قۇتقۇزۇلىدۇ﴾ {"ياسىن" سۈرىسى، 34—44-ئايەت}.

مەيىن شاماللار سىپاپ ئۆتىدۇ، ئاي كۆكتە ئېسىلىپ تۇرىدۇ، يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىدۇ، قۇياش كىشىلەرگە نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېرىدۇ، ئاي قاراڭغۇلۇقتا كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، يۇلتۇزلار يولدىن ئېزىپ قالغانلارغا بەلگە بولىدۇ.

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يورۇتقۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى خۇددى تەكچىگە قويۇلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چىراغ شېشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شېشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى بىلەن يورۇتۇلغانكى، ئۇ زەيتۇن دەرىخى شەرق





www.uyghurkitap.com

ISLAMIC ART

تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس، يېغى سۈزۈكلۈكىدىن ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (يوروتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مانا مۇشۇنداق مىساللارنى بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ﴾ {"نۇر" سۈرىسى، 35 ـ ئايەت}.

سەنئەتكارلار قۇرئان كەرىمدىن ئىلھاملىنىپ، نۇرغۇن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشتى.

## 3. قۇرئان كەرىمدىكى جەننەت تەسۋىرلىرى ئىسلام سەنئىتىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى (دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە) ئوخشايدىغان (ئەمما تەمى ئوخشىمايدىغان) مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ ﴾ {"بەقەرە" سۈرىسى، 25 ـ ئايەت}.

قۇرئان كەرىم جەمئىي 114 سۈرىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 50 كە يېقىن سۈرىدە جەننەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدۇ. جەننەت تولىمۇ گۈزەل ماكان، ئۇ يەردە ھەر خىل مېۋىلەر، خۇشپۇراق ئېسىل شارابلار بار:

﴿ ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا راھەتلىنىدۇ ﴾ {"رەھمان" سۈرىسى، 76 ـ ئايەت}.

جەننەت تەڭداشسىز گۈزەل ماكان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنچە-

مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگەن تۆشەكلەر، ئالتۇن تاۋاق، ئالتۇن قەدەھلەر، ئاستىدىن ساپ سۈت، ھەسەل ياكى زۇمرەت سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭلەر بار. مىمارلار لاھىيە جەھەتتىكى ئاجايىپ تەسەۋۋۇر ۋە ئىدىيەلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قۇرئان كەرىمدىكى جەننەت تەسۋىرلىرىنى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىگە تەتبىقلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتتى ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سەنئەتكارلارنىڭ مىمارچىلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق، ساپالچىلىق ھۈنەرلىرى ۋايىغا يېتىپ، چىرايلىق ۋە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر قەد كۆتۈردى؛ ئىجادىيلىققا باي گۈزەل رەسىملەر، نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك يېگى، چىرايلىق ساپال ئەشيالار بارلىققا كەلدى.

قۇرئان كەرىمدىكى جەننەت تەسۋىرلىرى ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

﴿ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققانلار جەننەتكە توپ-توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە سالام! خۇش كەپسىلەر، سىلەر جەننەتكە مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار» دەيدۇ ﴾ [”زۇمەر“ سۈرىسى، 73-ئايەت].

## 4. ھەدىس شەرىف ئىسلام سەنئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

ھەدىس ئەرەب تىلىدىكى ”ھەدىس نەبەۋى“ (پەيغەمبەرنىڭ سۆزى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ھەدىس شەرىف قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم كىتابى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنىڭ خاتىرىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھىم ئىدىيەسىنىڭ تەپسىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 570-يىلى تۇغۇلۇپ، 632-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ خەت تونۇمايتتى، 40 ياشقا

كىرگەندە ئاللاھ تائالا جىبرئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى 23 يىلدا نازىل قىلىپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ساھابىلەر ۋە ھەدىسشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاپ، راۋىيلىرىنى ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ، ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىكى ئىشەنچلىك يازما ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»، «سۇنەن ئىبنى داۋۇد»، «سۇنەنى تىرمىزى»، «سۇنەنى نەسەئى»، «سۇنەنى ئىبنى ماجە» قاتارلىق ئالتە چوڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابىنى تۈزۈپ چىقتى، يەنە «مىشكاتۇل مەسابىھ» (نۇرلۇق چىراغ)ناملىق مەشھۇر ھەدىس كىتابمۇ بار. ھەدىس شەرىف ئىسلام ئەقىدىلىرى، شەرئەت ھۆكۈملىرى، ئەدەپ-قائىدىلەر ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە تولۇق جاۋاب بېرىدۇ ھەم ئۇلارنى شەرھلەيدۇ. ئۇ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى، ئىسلام ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. مۇسۇلمانلار ھەدىس شەرىفكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”پەرىشتىلەر رەسىم ياكى ھەيكەل بار ئۆيگە ھەرگىز كىرمەيدۇ“ («سەھىھۇل بۇخارى») دېگەن. جانلىقلارنىڭ رەسىمنى سىزغۇچىلار قىيامەتتە شۇ رەسىمگە جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ رەسىم سىزىشىنى، ئۆيگە رەسىم ياكى ھەيكەل قويۇشىنى چەكلەيدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوغدىغانلىقىنىڭ، بۇتقا چوقۇنۇشقا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. تەقۋادار مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىفتىكى تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىپ، باشقا شەكىللەر بىلەن تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرگەن ھەم بېيىتقان، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن ئىسلام نەققاشلىقىنىڭ كەشتە ۋە بېزەك ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىسلام بىناكارلىقى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئەشيالىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى گۈزەللەشتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر، ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر“(«مۇسۇلمانلار قوللانمىسى»، 4 ـ جىلد «دىن ۋەسلىسى»)، ”ئىلىم ئېلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولىدۇ“ دېگەن. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى ئالغاندا ئۇنى دەرھال ساھابىلىرىگە ئۆگىتەتتى ھەمدە خەت يېزىشنى بىلىدىغان ساھابىلىرىگە: ”قۇرئان ئايەتلىرىنى دەرھال يېزىۋېلىڭلار“ دەيتتى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنەس، زەيد، مۇئاۋىيە، ئەلى، مەسئۇد قاتارلىق بىر قانچە كاتىپى ئايەتلەرنى مەخسۇس خاتىرىلەشكە مەسئۇل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ھۆسنخەت كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئاچىدۇ“، ” ’بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم‘ دېگەن خەتنى يازغاندا ’س‘ ھەرپىنى ئوچۇق يېزىڭلار“ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشى مۇھىم ئىبادەتلەردىن بولغاچقا، دۇنيادا قۇرئاننى كۆچۈرۈپ چىققان نۇرغۇن داڭلىق خەتتاتلار مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى ئىسلام بىناكارلىقى ۋە نەققاشلىقىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە ئەرەب خەتتاتلىقى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئىككىنچى باب

# ”تەسمىيە“ سەنئىتى

قۇرئان كەرىم دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ساماۋى كىتاب، ”فاتىھە“ سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ جەۋھىرى، ”تەسمىيە“ بولسا ”فاتىھە“ سۈرىسىنىڭ جەۋھىرى. ”تەسمىيە“ قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ئايىتى، مۇسۇلمانلارغا ئەڭ تونۇش ۋە ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان ئايەت.

مۇسۇلمانلار ھەر بىر پايدىلىق، ھالال ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ”تەسمىيە“ ئوقۇيدۇ، كۈندىلىك ناماز-ئىبادەت، خىزمەت ياكى ئۆگىنىشتە بولسۇن، تەسمىيە ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ھالال ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىغاندا، بۇ ئىش ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ-دە، ئاللاھ ئۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن باشلانمىغان ھەر قانداق ئىش چالا قالىدۇ“ دېگەن.

”تەسمىيە“ ئىسلامىيەتتىكى ئېتىقاد سەنئىتىدۇر.


## ”تەسمىيە“ سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەركىبى

### 5. ئىسلام سەنئىتىدە نېمىشقا ”تەسمىيە“ خەتتاتلىقىغا ۋە ئۇنى زىننەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؟


”تەسمىيە“ (بسم الله الرحمن الرحيم) ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دېگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبچىدە قىسقارتىلىپ ”بسملة“ (بەسمەلە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ISLAMIC ART

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




2 ـ 1 ـ رەسىم: مى گۇاڭجياڭ يازغان جۇڭگوچە ”تەسمىيە“



2 ـ 2 ـ رەسىم: سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ”تەسمىيە“. ھازىر ئىستانبۇلدىكى بىر مەسچىتتە ساقلانماقتا. بۇ خەتنى خەتتات ھەمىد ئەھمەد ھىجرىيە 1227 ـ يىلى يازغان.



2 ـ 3 ـ رەسىم: شىكەستە پارس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ”تەسمىيە“. بۇ خەتتە ئىككى ئەلىف ھەرپىدىن سەنئەتلىك شەكىل چىقىرىلغان بولۇپ، خەتلەر مەردانە، ئويناق، كىشىگە بىر خىل جەسۇرلۇق، پاكىزلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.




2 ـ 4 ـ رەسىم: ئەركىن شەكىلدە يېزىلغان يەلپۈگۈچ شەكىللىك "تەسمىيە". 1985 ـ يىلى ئىستانبۇللۇق خەتتات ئەمىن بارىن يازغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى كۆرگەن چېغىدا: "ئى مۇھەممەد، سەن ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھقا سېغىنىپ، شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن؛ 'بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم'نى ئوقۇغىن؛ ئى مۇھەممەد! سەن ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ ساڭا رىزىق بەرگۈچى ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تۇرغىن" دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ 'بىسمىللاھ' دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇ ئوقۇغان ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن ئۇنىڭغا 4000 ساۋاب يېزىپ، 4000 گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى 4000 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ."

مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكەت بېرىشىنى تىلىگەچكە، "تەسمىيە" گە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنى ئوقۇپلا قالماي، يەنە ھۆسنخەتچىلەپ يازىدۇ. مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە (9 ـ سۈرىدىن باشقا) بارلىق سۈرىلەر "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" بىلەن باشلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ خەت ـ چەك، ماقالە ۋە ئەسەرلىرىنىڭ بېشىنى "بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم"دىن باشلايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي سورۇنلىرى ۋە ئائىلىلىرىدە، ھەتتا قاتناش ۋاستىلىرىدە "تەسمىيە" يېزىلىدۇ. دېمەك، "تەسمىيە" مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرى، ھۈنەر ـ

سەنئىتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇڭا سەنئەتكارلار خىلمۇخىل ھۈنەر ـ سەنئەت ئارقىلىق ''تەسمىيە''نى زىننەتلەيدۇ.




2 ـ 5 ـ رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ساۋاش چەۋىك بىر قەلەمدىلا يېزىۋەتكەن ''تەسمىيە''

## 6. ''تەسمىيە'' سۆزى قانداق كېلىپ چىققان؟

شابىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ''بىسمىكە ئاللاھۇممە'' دەپ يازاتتى، كېيىن ''بىسمىللاھ'' دەپ يېزىشقا بۇيرۇدى ۋە شۇنداق يېزىلدى. ﴿ ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىسىنى ئاتىساڭلار بولىۋېرىدۇ ﴾ {''ئىسرا'' سۈرىسى 110 ـ ئايەت} دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ''بىسمىللاھى رەھمان'' دەپ يېزىشقا بۇيرۇدى. ﴿ ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. ئۇنىڭدا: ‹ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن...› دېيىلگەن» ﴾ {''نەمل'' سۈرىسى، 29 ـ 30، ـ ئايەت} دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ''بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم'' دەپ يېزىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق يېزىش مۇقىملىشىپ قالدى.








www.uyghurkitap.com

## 7. ”تەسمىيە“ سۆزى قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەن؟



2-6-رەسىم؛ ھىجرىيە 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەئبە يوپۇقىغا كەشتىلەنگەن، ئابدۇللاھ زاھىد پاراللېل سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يازغان ”تەسمىيە“.

”تەسمىيە“ (بسم الله الرحمن الرحيم) 19 ھەرپتىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ”ب س ن ھ ى “ (بە، سىن، نۇن، ھا، يا) قاتارلىق 5 ھەرپ تەكرارلانمايدۇ؛ ا ح ر ل م (ئەلىف، ھە، را، لام، مىم) قاتارلىق 5 ھەرپ تەكرارلىنىدۇ. ا ل م دېگەن ئۈچ ھەرپ ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدۇ. ”فاتىھە“ سۈرىسىدىمۇ مۇشۇ ئۈچ ھەرپ ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولغان ”بەقەرە“ سۈرىسى مۇشۇ ئۈچ ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ.




2 ـ 7 ـ رەسىم: سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان "تەسمىيە". شەكلى مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئىككى تەرىپىدە يوپۇرمىقى بار، ئوڭ تەرىپىدىكىسى "ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ" دېگەن كەلىمە؛ سول ۋە ئاستى تەرىپىدىكىسى بولسا "تەسمىيە"نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت: ﴿ئى كاتىپلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. ئۇنىڭدا:‹ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن...›دېيىلگەن﴾ {"نەمل" سۈرىسى، 30 ـ ئايەت}. بۇ خەتنى ھىجرىيە 1343 ـ يىلى تۈركىيەلىك خەتتات ئەزىز غەففارى يازغان.



2 ـ 8 ـ رەسىم: ئۆرۈم شەكىللىك، يوپۇرماق زىننەتلىك كۇفى خەت. ئەڭ دەسلەپتە مىسىر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، مىسىر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ خەتتاتلىق ئۇستازى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيە مۇپەتتىشى يۈسۈپ ئەھمەد ھىجرىيە 1321 ـ يىلى يازغان، كېيىن ئىراقلىق خەتتات ھەسەن قاسىم ھابۇش ھىجرىيە 1404 ـ يىلى مەزكۇر خەتكە تەقلىد قىلىپ يازغان. بۇ ئەسەردە خەتلەر پاراللېل، قەلەم راۋان، پاكىز، ھەرپلەر توق، پۇختا ھەم ئىستېرېئولۇق تۈسكە ئىگە.







2 ـ 9 ـ رەسىم: جۈپ چەمبەر شەكىللىك سۇلۇس خەت. تېمىسى روشەن، قەلەم راۋان، شوخ ۋە ئويناق، خەتنىڭ زىچلىقى تەكشى بولۇپ، يۈكسەك سەنئەت گۈزەللىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئەسەرنى تېخىمۇ جانلىق ۋە ئالاھىدە تۈسكە كىرگۈزگەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ دەسلەپتە نازىل بولغان ”ئەلەق“ سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئايىتىدىمۇ مۇشۇ ئۈچ ھەرپ ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدۇ؛ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ﴿ بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم ﴾ [”مائىدە“ سۈرىسى، 3 ـ ئايەت] دېگەن ئايىتىدىمۇ بۇ ئۈچ ھەرپ ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ھەزرىتى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مەدرىسەگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇستازى ئۇنىڭغا: ’ياز!‘ دەپ بۇيرۇدى. ئىسا: ’نېمىنى يازىمەن؟‘ دەپ سورىدى. ئۇستازى: ’بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ ياز‘ دېدى. ئىسا ’بىسمىللاھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟‘ دەپ سورىدى، ئۇستازى سەۋرچانلىق بىلەن ’ب‘ ئاللاھنىڭ نۇرىنى، ’س‘ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى، ’م‘ بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ’الله‘ بارلىق روھلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ’الرحمن‘ بۇ دۇنيانىڭ پەرۋىشكارى، كۆيۈنگۈچىسى دېمەكتۇر، ’الرحيم‘ ئاخىرەتتە رەھىم قىلغۇچى زات دېمەكتۇر دەپ چۈشەندۈردى“ («تەپسىرى ئىبنى كەسىر»دىن).

”تەسمىيە“ 19 ھەرپتىن تۈزۈلگەن، قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بېرىلىشىچە، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ سانىمۇ دەل 19. ﴿سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ سەقەر ھېچ نەرسىنى قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان بىر دوزاختۇر. ئۇ قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ). ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر﴾ [”مۇددەسسىر“ سۈرىسى، 27 ــ 30 ـ ئايەت]. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: ”كىمدىكىم ئاللاھقا سېغىنىپ، دوزاخقا مەسئۇل 19 پەرىشتىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلماقچى بولسا ’تەسمىيە‘نى كۆپ ئوقۇسۇن.“

”تەسمىيە“نىڭ يېزىلىش شەكىللىرى ۋە قۇرۇلمىسى


## 8. ”تەسمىيە“نىڭ قانچە خىل يېزىلىش شەكلى بار؟

قۇرئان كەرىمدە ”ب“ ھەرپى بىلەن ”اسم“ (ئىسىم) نىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشىدا مۇنداق ئىككى خىل شەكىل بار: بىرىنچىسى، ”بسم“ ، ئىككىنچىسى، ”باسم“. بىرىنچى خىل يېزىش شەكلى بىر قەدەر ئومۇملاشقان، مەسىلەن:

﴿بسم الله الرحمن الرحيم﴾ {”فاتىھە“ سۈرىسى، 1 ـ ئايەت}

﴿و قال اركبوا فيها بسم الله﴾ {”ھۇد“ سۈرىسى، 41 ـ ئايەت}

﴿انه من سليمن و انه بسم الله الرحمن الرحيم﴾ {”نەمل“ سۈرىسى، 30 ـ ئايەت}



2 - 10 ـ رەسىم: مىسىرلىق خەتتات مۇسئاد ھۇدەيل بۇرسەئىد يازغان سەنئەتلىك سۇلۇس خەت. ئاپتور ”تەسمىيە“ ئارقىلىق ”ئاللاھ“ كەلىمىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ھاسىل قىلغان بولۇپ، خەتتىن بىر خىل كۈچ، ئەقىل، رىتىم ۋە ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يۇمىلاق شەكىلدە يېزىلغان ھۆسنخەت بولسا ”فاتىھە“ سۈرىسى.

ئىككىنچى خىل يېزىش شەكلىدە ''ا'' ھەرپى قوشۇپ يېزىلىدۇ، ئېلىۋېتىلمەيدۇ، بۇ خىل يېزىش شەكلى قۇرئان كەرىمدە پەقەت تۆت يەردە ئۇچرايدۇ:

﴿فسبح باسم ربك العظيم﴾ [''ۋاقىئە'' سۈرىسى، 74 ـ ئايەت]

﴿فسبح باسم ربك العظيم﴾ [''ۋاقىئە'' سۈرىسى، 96 ـ ئايەت]


﴿فسبح باسم ربك العظيم﴾ [''ھاققە'' سۈرىسى، 52 ـ ئايەت]

﴿اقرأ باسم ربك الذى خلق﴾ [''ئەلەق'' سۈرىسى، 1 ـ ئايەت]





2 - 11 ـ رەسىم: يۇمىلاق شەكىللىك سۇلۇس خەت ئەسىرى. بۇ ئەسەرنى خەتتات ئابدۇللابەگ جاد يازغان بولۇپ ''تەسمىيە''دىكى ''ا'' بىلەن ''ل''نى ئۇزارتىپ، ئىسلام نەقىش سەنئىتىگە يۇغۇرۇپ، خەت بىلەن نەقىشنى ئەپچىل بىرلەشتۈرگەن. قەلىمى گۈزەل، ئويناق، تەبىئىي ھەم پاكىز.



www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور بېكىتى ئادرېسى

ئەگەر "ب" بىلەن "اسم"نىڭ كەينىگە "الله" دېگەن مۇبارەك كەلىمە قوشۇلۇپ كەلسە، "ب" بىلەن "اسم"نىڭ ئارىلىقىدىكى "ا" ھەرپى ئېلىۋېتىلىپ، "بسم" دەپ يېزىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، "ا" ھەرپى ساقلاپ قېلىنىپ، "باسم" قىلىپ يېزىلىدۇ.

"ا" ھەرپىنىڭ ئېلىۋېتىلىشى بىلەن "تەسمىيە" كەمتۈك بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى "تەسمىيە"نىڭ يېزىلىشى تېخىمۇ ئىخچام، نەپىس بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، "تەسمىيە"دە ئۈچ ھەرپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى "ا"، يەنى: ① "ب" نىڭ كەينىدىكى "ا"؛ ② مۇبارەك كەلىمە "الله" نىڭ ئىككىنچى ھەرپى بولغان "ل"نىڭ كەينىدىكى "ا" (بەزىلەر ئېقىمدىكىلەر "الله" كەلىمىسى "لاه"نىڭ ئالدىغا "ال" دېگەن خاسلىقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ھەم شۇنداق يېزىلىدىغان سۆزدۇر؛ بۇنىڭغا كۆپى ئېقىمدىكىلەر قوشۇلمايدۇ، ئۇلار "اله" نىڭ ئالدىغا خاسلىق قوشۇمچىسى "ال" قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدىن "ا" ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان ئىككى"ل" ھەرپى تەكرار تاۋۇشنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى بويىچە تەشدىدلىك يېزىلىدۇ دەپ قارايدۇ)؛③ "ن" نىڭ ئالدىدىكى "ا". بۇ "ا" ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، "الرحمن" كەلىمىسى "الرحمان" دەپ يېزىلماي، "الرحمن" دەپ يېزىلىدۇ.

"تەسمىيە"نى يازغاندا "ب" ھەرپى ئۈستىگە سوزۇپراق يېزىلىدۇ، سۇلۇس ۋە كۆچۈرمە خەت نۇسخىلىرىدا "ب" بىلەن "س" ھەرپى ئالاھىدە خەت شەكلى بىلەن يېزىلىدۇ. تىرمىزىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " 'تەسمىيە'نى يازغان چېغىڭلاردا 'س' ھەرپىنى سوزۇپ يېزىڭلار." ئەرەب خەتتاتلىرى بۇ ھەدىسكە بەك ئېتىبار بەرگەچكە، ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدا بۇ ئالاھىدىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ISLAMIC ART

## 9. ”تەسمىيە“ قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن؟

”تەسمىيە“ بەش سۆزدىن تۈزۈلگەن:

(1) ”ب“ ھەرپى ”بىلەن، ئارقىلىق، تايىنىپ“ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز (دىققەت: ”ب“ ھەرپى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىككىنچى ھەرپ، يەنە 2 گە ۋەكىللىك قىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنى ”بىلەن“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، ”ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن (ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمەن)“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىمنى ”ب“ دىن باشلاپ ئوقۇش كېرەك دەپ قارايدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ (”تەۋبە“ سۈرىسىدىن باشقا) بارلىق سۈرىلىرى ”تەسمىيە“ (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم)دىن باشلىنىدۇ.




2 - 12 - رەسىم: مى گۇاڭجياڭ يازغان جۇڭگوچە ”تەسمىيە“

”تەۋبە“ سۈرىسى گەرچە ”تەسمىيە“دىن باشلانمىسىمۇ، ”ب“ ھەرپى سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. شۇڭا، بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم ”فاتىھە“ سۈرىسىگە، ”فاتىھە“ سۈرىسى ”تەسمىيە“گە، ”تەسمىيە“ بولسا ”ب“ ھەرپىگە مۇجەسسەملەنگەن دەپ قارايدۇ.

(2) ”اسم“ ئۆلىمالارنىڭ كەسكىن قارىشىچە، بۇ سۆز ”سمو“ (يۇكسەك، ئالىي، كاتتا دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان.

(3) ”الله“ بۇ كەلىمە ئاللاھ تائالاغا خاس ئىسىم.

(4) ”الرحمن“ بۇ كەلىمە ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ”رحمة“ (رەھىمدىل، كۆيۈمچان) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا بولغان مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ سۆز پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولۇپ، باشقا ھېچنېمىگە قوللىنىلمايدۇ.

(5) ”الرحيم“ بۇ رەھىم-شەپقەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل-ئىسىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.





ISLAMIC ART

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۈچىنچى باب

# ئەرەب خەتتاتلىقى

ئەرەب خەتتاتلىقى ئىسلامىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى، ئىسلام سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئاۋازسىز مۇزىكىغا، جانلىق رەسىمگە ئوخشايدۇ. بىر پارچە نەپىس ئەرەبچە ھۆسنخەت ناھايىتى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ۋە بەدىئىي جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ، كىشىنى زوقلاندۇرۇپ، كەيپىياتنى ئۇرغۇتىدۇ. ئەرەب ھۆسنخەتلىرى ئوبرازلىق، تەبىئىي، نەپىس ۋە ئويناقتۇر. گۈزەل ھۆسنخەتلەر جۇشقۇن ھەم مۇلايىم، چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە بولۇپ، بەزىلىرى چېپىپ كېتىۋاتقان تۇلپارغا، بەزىلىرى ئۆركەش ياسىغان تاغ تىزمىلىرىغا، بەزىلىرى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدۇ، كىشىنى گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە چەكسىز خىياللار قايىنىمىغا باشلاپ كىرىدۇ.



3 - 1 - رەسىم: دىۋانى خەت نۇسخىسى. مىسىرلىق خەتتات مۇھەممەد سۇئاد خەنىدادىنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى "ئاللاھ" دېگەن مۇبارەك كەلىمە پىچىچە ئۇسلۇبتا ناھايىتى نەپىس يېزىلغان، بۇنىڭدىكى "ا" ھەرپى ئەۋرىشىم ھەم ئۇستىخانلىق بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەردىكى ھەرپلەرنىڭ زىچلىقى تەكشى، رىتىمدارلىقى كۈچلۈك.

دۇنيادىكى ھەر قانداق تىلنىڭ خەتتاتلىقى يېزىقتىن پايدىلىنىپ ھەمدە ئۇنىڭ شەكىل گۈزەللىكىگە تايىنىپ، شۇ يېزىقنىڭ باشقىچە

قىياپىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان سەنئەتتۇر. ئەرەب خەتتاتلىرى كۆپلىگەن گۈزەل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېزىق بىلەن سەنئەتنى ئەپچىل بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى "تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، ئەمما ھېس قىلغىلى بولىدىغان" يۈكسەكلىككە يەتكۈزگەن. نۇرغۇنلىغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرىگە خەتتاتلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا چوڭقۇر مەنىلەر سىڭدۈرۈلگەن.

سەنئەت بىر خىل ئىجادىيەت ئىلمى بولۇپ، ئاۋۋال سەنئەتكە بولغان تونۇش ئايدىڭ بولۇشى كېرەك، بۇ دەسلەپكى ساۋات، ئاندىن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە ئىلھام ئالىدىغان گەپ. خەتتاتلىقنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە كۆزىتىش، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش، خەتلەرنىڭ تەبىئىيلىكى، تەكشىلىكى، گۈزەللىكى ۋە ئۆزگىچىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەرەب خەتتاتلىقى ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىپادىلىنىش شەكلى ياكى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە قوللىنىش جەھەتتىن بولسۇن ئۆزگىچىلىككە ھەم مۇقەددەسلىككە ئىگە. تىرىشچان، جەسۇر ئەرەب خەلقى ئىخلاسمەنلىكى ۋە چېۋەرلىكى بىلەن نۇرغۇن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەتتاتلىق ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان تەقۋادارلىقىنى بۇ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

## ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

### 10. ئەرەب تىلى قانداق بارلىققا كەلگەن؟

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى، كىشىلەر تىل ئارقىلىق پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ، بىلىم تارقىتىدۇ، يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، ئىنسانلار مەدەنىيىتى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەندى ۋە

ساقلىنىپ كەلدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، كۆپ قىسىم جايلىرى چۆللۈك بولۇپ، ئۇ يەردە ياشايدىغان بەدەۋىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەدەۋىلەر نۇرغۇن قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار ئىدى. ئەرەب تىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سېمىت تىللىرى سىستېمىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تارمىقىغا تەۋە.

ئەرەب ‹‹عرب›› (‹‹قۇملۇق خەلقى›› دېگەن مەنىدە) سۆزى ئەڭ بۇرۇن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 853 ـ يىلىغا تەۋە، ئاسسۇرىيە خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى شارما ناسىر III (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 858 ــ 824) دەۋرىگە ئائىت مىخ يېزىق بىلەن يېزىلغان لاي پۈتۈكلەردىن بايقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرەيش لەھجىسى ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىغا ئەڭ يېقىن ئىدى.

7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇقىملىشىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب تىلى بارا ـ بارا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان تىلىغا ئايلاندى. قۇرئان كەرىم ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ ئەرەب تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى، يېزىقچىلىقى ۋە ئىستىلىستىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

## 11. جاھالەت دەۋرىدىكى ‹‹ئۈچ پارچە تاش ئويما›› بىلەن خەتتاتلىقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

يېزىق ئەڭ بۇرۇنقى تەسۋىرىي يېزىقتىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېزىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۇچۇن ئۇزاق جەريان كەتكەن، بەزى يېزىقلار تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يوقىلىپ، پارچە ـ پۇرات قالدۇقلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.


www.uyghurkitap.com

ئەرەب يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ئىراق ۋە پەلەستىننىڭ جەنۇبىدىكى نەباتىيلارنىڭ يېزىقىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى، ئىيوردانىيەنىڭ شەرقىدىكى دۇرۇز تاغلىق رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ پارچە تاش ئويمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەباتىيە يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلىسى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. بۇ ئۈچ پارچە تاش ئويما ئەرەب يېزىقى بىلەن نەباتىيە يېزىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.


بىرىنچىسى، ئۇممۇلجەمال قەبرە تېشى. بۇ قەبرە تېشىدىكى يېزىق تەخمىنەن 250 ـ يىلىدىن 270 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئويۇلغان. يېزىق ئەڭ بۇرۇنقى كۇفى خەت نۇسخىسىغا تولىمۇ ئوخشىشىدۇ. بۇ قەبرە تېشى دۇرۇز تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھەرراندىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇستىگە ”تەنۇخ پادىشاھى جىزىمەنىڭ باققۇچىسى فەھىر ئىبنى سەلىنىڭ قەبرىسى“ دەپ ئۈچ قۇرلا خەت يېزىلغان، بۇ ئۈچ قۇر نەباتىيە يېزىقى مۇنداق: دنه نفسو فهرو   برسلي ربو جذيمة   ملك دنوخ







3 - 2 ـ رەسىم: ئۇممۇلجەمال قەبرە تېشى يېزىقى



3 - 3 ـ رەسىم: نەمارە تاش پۈتۈكى

هازىرقى ئەرەبچىدە مۇنداق ئوقۇلىدۇ: هذا قبر فهر ابن سلى مربي جذيمة ملك تنوخ

ئىككىنچىسى نەمارە تاش پۈتۈكى. بۇ پۈتۈك 328-يىلى ئويۇلغان بولۇپ، دۇرۇز تېغىنىڭ نەمارە دېگەن يېرىدىن قېزىۋېلىنغان بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ئەسلىدە ھەيرە خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەمرىلقەيس بىن ئۆمەرنىڭ قەبرە تېشى بولۇپ، ئۈستىگە بەش قۇر خەت ئويۇلغان، خەتتە نۇرغۇن ئەرەبچە سۆزلەر بولغاچقا، ئەرەب تارىخچىلىرى بۇ تاشنى ھازىرغىچە بايقالغان تۇنجى ئەرەب يېزىقىدىكى پۈتۈك، ئۇ ئەرەب يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم تارىخي قىممەتكە ئىگە دەپ قارىشىدۇ. بۇنى ئەرەب يېزىقىنىڭ نەباتىيە يېزىقىدىن كەلگەنلىكىگە ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تاش پۈتۈك ھازىر فىرانسىيەنىڭ لوۋېر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تۆۋەندىكىسى مەزكۇر پۈتۈكنىڭ ئۆلچەملىك ئەرەب يېزىقىدا يېزىلىشى:

(1) تي نفس مر القيس ير عمرو ملك العرب كله ذو اسر التج

(2) و ملك الاسدين و نزارو وملو كهم و هرب محجو عكدي وجا

(3) بزجي في حبج نجرن مدينت شمر و ملك معد و بين بنيه

(4) الشعوب و و كلهن فرسو لروم فلم يبلوغ ملك مبلغه

(5) بكسلو بلسعد ذو ولده 7 يوم 223 عكدي هلك سنة

هازىرقى ئەرەب تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

(1) هذا جسمان امرى القيس بن عمرو ملك العرب جمعن، الذى عقل التاج

(2) ملك قبيلتي اسد نزارا و ملوكهم و صد (بني)محج؟ حتي اليوم و جاء

(3) بنجاح الي حصار نجران عاصمة شعر و ملك (قبيلة) معد و قسم علي ابنائه

(4) بنجاح الي حصار نجران عاصمة شعر و ملك (قبيلة) معد و قسم علي ابنائه

(5) حتي اليم، مات سنة ٢٢٣ يوم ٧ (من شهر) كسلول السعادة لاولاد

تەرجىمىسى:

**1)** بۇ تاج تاقىغان بارلىق ئەرەبلەرنىڭ خاقانى ئەمرىلقەيس بىن ئۆمەرنىڭ مۇبارەك تېنىدۇر.

2) (ئۇ) ئەسەد، نازارا قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ پادىشاھىدۇر، ئۇ ھازىرغىچە مەھەج (قەبىلىسىنى) مەغلۇپ قىلىپ


3) ئۇ نەجراننىڭ پايتەختى شەمەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەئەد قەبىلىسىنىڭ پادىشاھىغا ئايلاندى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرىغا

4) ھەر قايسى قەبىلىلەرنى سۈيۈرغال قىلىپ، ئۇلارنى رىمنىڭ چەۋەندازلىرىغا ئايلاندۇردى، ھېچقانداق پادىشاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمىدى.

5) ئۇ بۈگۈن، 223 ـ يىلى كەسەلۇل ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمىز.

ئۈچىنچىسى ھەرران تاش پۈتۈكى. بۇ پۈتۈك بۇسرا كالېندارىنىڭ 463 ـ يىلى (مىلادىيە 568 ـ يىلى) ئويۇلغان بولۇپ، سۈرىيە تەۋەلىكىدىكى دۇرۇز تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران شەھرىدىن قېزىۋېلىنغاچقا، ”ھەرران تاش پۈتۈكى“ دەپ ئاتالغان. پۈتۈككە ئەرەب يېزىقى بىلەن گىرېك يېزىقى تەڭ ئويۇلغان بولۇپ، ئەرەب يېزىقى تۆت قۇر:





3 -4 ـ ھەرران تاش پۈتۈكى

(1) انا شر حبيل بن ظلمو(ظالم)بنيت ذالمرطول

(2) سنة ٤٦٣بعد مفسد

(3) خيبر

(4) بعم(بعام)

تەرجىمىسى:

مەن شىر ھەبىل بىن زەلەم، مەن 463 ـ يىلى خەيبەردە ھالاك بولغاندىن كېيىن بۇ ئابىدىنى تۇرغۇزدۇم، بەك ياخشى بولدى.

بۇ تاش پۈتۈكتىن ئۇنىڭدا قىسمەن لەھجىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئەرەب تىلشۇناسلىرى بۇ لەھجىنى قۇرەيش لەھجىسى دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇنىڭ يازما خاتىرىسى يوق، شۇڭا ئۇنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، كۈچلۈك قۇرەيش قەبىلىسى ئەينى ۋاقىتتا مەككىنىڭ خوجايىنى ئىدى. مەككىدىكى كەئبىنىڭ مۇقەددەسلىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەككىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، دىن ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى. جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن ئېيتقاندا، مەككە ھىجاز رايونىغا تەۋە بولغاچقا، كىشىلەر قۇرەيش لەھجىسىنى ھىجاز لەھجىسى دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەب خەتتاتلىقىمۇ ئەسلىدىكى نەباتىيە خەت نۇسخىسىدىن ھىجاز خەت نۇسخىسىغا تەرەققىي قىلدى، ھىجاز خەت نۇسخىسى تەرەققىي قىلىپ كۇفى خەت نۇسخىسىغا ئايلاندى.

## 12. جاھالەت دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟



تارىخشۇناسلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىن ئاۋۋالقى، يەنى 611 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى جاھالەت دەۋرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ دەۋردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان بەدەۋىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايتتى، بىپايان چۆللۈك بەدەۋىلەرنىڭ مەرد، كەڭ قورساق، ساددا، جەسۇر خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇلار ھەر خىل مەبۇدلارغا چوقۇناتتى؛ قەبىلىلەر ئارىسىدا مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ۋە جەڭگى ـ جېدەللەر ئەۋج ئالغان بولۇپ، جەمئىيەتتە تۈرلۈك قەبىھ قىلمىشلار مەۋجۇت ئىدى. بۇ دەۋردە ھۆسنخەتلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، يەمەندىكى ھەمىر قەبىلىسىدىكىلەر "ئەلمۇسنەدۇلخەمرى" دەيدىغان بىر خىل خەت نۇسخىسىدا خەت يازاتتى. ئۇلار ھىجاز رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايتتى، بۇ يەر نەباتىيلار ياشىغان جاي بولغاچقا، ئۇ خەت نۇسخىسى "خەتتۇ نەباتىيە" (نەباتىيە خەت نۇسخىسى) دەپمۇ ئاتالغان، كېيىن بۇ نۇسخا كۇفە رايونىغا تارقىلىپ، كۇفى خەت نۇسخىسى دەپ ئاتالغان. ئۇ چاغدىكى خەتتاتلىقنىڭ يېزىش قائىدىسى يوق ئىدى،

ھەرپ-سىزىقچىلەرمۇ ئاددىي بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە بەلگە قويۇلمىغاچقا، ئوقۇماق ناھايىتى تەس ئىدى.

## 13. ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان دەۋردىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟

ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان دەۋر 611-يىلى (ھىجرىيەدىن 11 يىل ئىلگىرى) دىن 632-يىلى (ھىجرىيەنىڭ 10-يىلى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى خەتتاتلىقنىڭ قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. كىشىلەرنى ئىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان قۇرئان ئايەتلىرى مۇسۇلمانلارنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىلھاملاندۇردى. قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق ئايەت بار: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرى ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدە يېتىشكەنلەر: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا نەسىھەت ئالىدۇ﴾ {"ئال ئىمران" سۈرىسى 7-ئايەت}.

قۇرئاندا تۇنجى نازىل بولغان ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ {"ئەلەق" سۈرىسى، 1-5-ئايەتلەر}. يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇن (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). قەلەم بىلەن ۋە قەلەم تۇتقانلار يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى﴾ {"قەلەم" سۈرىسى، 1-ئايەت}.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇرئان كەرىمدە ئىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقى قايتا-قايتا تەكىتلىنىدۇ: ﴿ (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەتتىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟). ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ ﴾ [”زۇمەر“ سۈرىسى، 9-ئايەت]؛ ﴿ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾ [”نىسا“ سۈرىسى، 162-ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئىلىم ئېلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر“؛ ”گۈزەل خەتلەر كىشىنىڭ ئەقلىنى روشەن قىلىدۇ“ دېگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ”قەلەم بىلەن خەت يېزىشنىڭ“ ۋە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەچچە ئون كاتىپى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن خاتىرىلىگەن، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا يوللايدىغان مەكتۇپلارنى يېزىشقا، كۈندىلىك سىياسى ئىشلار ۋە جەڭ غەنىيمەتلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان.




3-5 ـ رەسىم: مۆلكى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ”تەسمىيە“. ئەسلى ئەسەر تارىخشۇناس ئىبن نەدىم تۈزگەن «ئەل فىھرەست» نىڭ باش بېتىگە يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






3 ـ 6 ـ رەسىم: كۇفى خەت. بىرىنچى قۇرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ”تەسمىيە“، كېيىنكى قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەھرەيىننىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى مەنسۇرغا يوللىغان مەكتۇپ بولۇپ، مەكتۇپتا ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. خەتنىڭ ئاخىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن مۆھۈرى بېسىلغان، خەتنى يازغۇچى نامەلۇم. ھازىر بۇ خەت سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ساقلانماقتا. بۇ مەكتۇپ قەدىمكى ئەرەب خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، خەتتاتلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ھەر خىل، بەزىلەر بۇ خەت نەباتىيە خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان دېسە، بەزىلىرى مەدىنە خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان دەيدۇ. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى مەنسۇر ئىبنى ساۋىغا ماڭدۇردى. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن سىزنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، كىمكى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسا ئۆزىگە ياخشىدۇر، كىمكى ئەلچىلىرىمگە بويسۇنۇپ، سۆزىنى ئاڭلىسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، ئۇلارغا سادىق بولسا ماڭا سادىق بولغان بولىدۇ. ئەلچىلىرىم ئاللاھ ئۈچۈن سىزنى ماختايدۇ، مەن سىزنى ئەپۇ قىلدىم، مۆمىنلەرگە ئېتىقاد ئەركىنلىكى بەردىم، گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلدىم، ئۇلارنى قوبۇل قىلغىن! ياخشى ئەمەل قىلساڭلا سىزنى ۋەزىپەڭدە قويۇۋېرىمىز، يەھۇدىي دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرى داۋاملىق جىزيە تاپشۇرىدۇ. (مۆھۈر: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سىلەر تەسمىيەنى يازغان چېغىڭلاردا ’س‘ ھەرپىنى ئېنىق يېزىڭلار“ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپى مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفىيان: ”قەلەم قۇتىسى تەييارلاپ، قەلەمنى قىيپاش تۇتۇپ (ئەرەبچە خەت يازغاندا قەلەمنىڭ يانتۇلۇقى 10 ـ 25 گرادۇس ئارىلىقىدا بولىدۇ)، ’ب‘ ھەرپىنى ئۇزۇن يېزىپ ’س‘دىن ئايرىۋېتىش كېرەك، ’م‘نىڭ بېشى پۈتەي بولۇپ قالسا بولمايدۇ، ’الله‘ دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى چىرايلىق يېزىش كېرەك، ’الرحمن‘ دېگەن سۆزنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇش كېرەك؛

'الرحيم' دېگەن سۆزنى نەپەس يېزىش كېرەك" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كاتىپلىرىغىچە خەتتاتلىققا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ مەزگىلدە "ئەلخەتتۇل مەككىيە" (مەككە خەت نۇسخىسى)، "خەتتۇل تەھرىرى" (ئەركىن خەت نۇسخىسى)، "ئەلخەتتۇل كۇفى" (كۇفى خەت نۇسخىسى) قاتارلىق خەت نۇسخىلىرى كۆپ قوللىنىلغان.




3 ـ 7 ـ رەسىم: مۇسھەف كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان "تەسمىيە" ۋە ئايەتنى كەرىم: ﴿بۇرۇجلار (ئوربىتىلار) جايلاشقان ئاسمان بىلەن، ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنى بىلەن، جۇمە كۈنى بىلەن، ئەرەپات كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى﴾ {"بۇرۇج" سۈرىسى، 1—3 ـ ئايەت}. بۇ خەتنى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ يازغان. بۇ نۇسخىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە بەلگىلەر قويۇلمىغان، خەتلەر ئەسلىدە قوي تېرىسىگە يېزىلغان، ھازىر بۇ يادىكارلىق ئىراقنىڭ ناجاف ئۆلكىسىدە ساقلانماقتا. ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك خەتلەر ئوقۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوشۇپ قويۇلغان.

www.uyghurkitap.com

## 14. تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟

ھەقىقىي خەلىپە دەۋرى 632-يىلىدىن 661-يىلىغىچە (ھىجرىيە 10-يىلىدىن 40-يىلىغىچە) بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ دەۋر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن جەمئىيەتتە رەھبەرلىك قىلغان خەلىپىلەر دەۋرى بولغاچقا، "تۆت خەلىپە دەۋرى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: ئەبۇ بەكرى (632-يىلىدىن 634-يىلىغىچە خەلىپە بولغان)، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (634-يىلىدىن 644-يىلىغىچە خەلىپە بولغان)، ئوسمان ئىبنى ئەففان (644-يىلىدىن 656-يىلىغىچە خەلىپە بولغان)، ھەزرىتى ئەلى (656-يىلىدىن 661-يىلىغىچە خەلىپە بولغان). بۇ مەزگىلدە ھىجاز خەت نۇسخىسى بىلەن كۇفى خەت نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تېزلىكتە تارقىلىشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن يەنە بىر نەچچە خىل خەت نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مەدىنە رايونىدىكى "ئەلخەتتۇل مەدىنە" (مەدىنە خەت نۇسخىسى)؛ "ئەلخەتتۇل مەككىيە" (مەككە خەت نۇسخىسى)؛ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈك رايون شامەدە بارلىققا كەلگەن "ئەلخەتتۇل شامىيە" (شامە خەت نۇسخىسى)؛ مىسىردا بارلىققا كەلگەن "ئەلخەتتۇل مىسرىيە" (مىسىر خەت نۇسخىسى)؛ بەسرەدە بارلىققا كەلگەن "ئەل خەتتۇل بەسرىيە" (بەسرە خەت نۇسخىسى)؛ ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھرىدە بارلىققا كەلگەن "ئەلخەتتۇل فارسىي" (پارس خەت نۇسخىسى) قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە ھىجاز خەت نۇسخىسى بىلەن كۇفى خەت نۇسخىسى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان.

ھىجاز خەت نۇسخىسى ئاددىي، قولايلىق بولسىمۇ، بىرلىككە كەلگەن قائىدىسى بولمىغاچقا، خەتلەر تەكشى يېزىلمايتتى، قۇر ئارىلىقىغا ئۆلچەملىك تەلەپ قويۇلمىغاچقا، خەتلەر تېخىمۇ قالايمىقان، ئىرماش-چىرماش كۆرۈنەتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدا بۇ خەت نۇسخىسى قۇرئان ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش ۋە كۆچۈرۈشكە ئىشلىتىلمىگەن، پەقەت ئەمر-

پەرمان، قانۇن-ھۆججەتلەرنى جاكارلاش، جەڭ غەنىيمەتلىرىنى خاتىرىلەش قاتارلىق كۈندىلىك كاتىبات ئىشلىرىدا قوللىنىلغان.

كۇفى خەت نۇسخىسى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئىراقنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھىرى كۇفەدە بارلىققا كېلىپ، كېيىن باشقا ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئەگرى-تۈز سىزىقلىرى ئېنىق، قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە سالماق، مىزانى چىڭ، ھەرپلەرنىڭ زىچلىقى تەكشى بولۇپ، يېزىلىشى ھىجاز خەت نۇسخىسىغا باققاندا مۇكەممەلرەك، ھەرپلەر بىر-بىرىگە ئەپچىل ماسلاشتۇرۇلدۇ، ھەرپلەر ئۆز نۇسخىسى بويىچە ئۆلچەملىك يېزىلىدۇ، ئورنىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ، ئەمما قائىدىدىن چەتنىمەيدۇ، خەتلەر ئېنىق يېزىلىدۇ، چاسا ۋە يۇملاق شەكىل تەڭ قوللىنىلىدۇ، شەكلى تەبىئىي ھەم جانلىق. شۇڭا، كۇفى خەت نۇسخىسى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش ۋە كۆچۈرۈشكە قوللىنىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپلىرى قۇرئان ۋەھيىلىرىنى خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا، قوي تېرىسىگە ياكى تۆگە، قويلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە كۇفى خەت نۇسخىسى بىلەن خاتىرىلىگەن.

ئەينى چاغدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى خاتىرىلىگەندە قوللىنىلغان كۇفى خەت نۇسخىسى مۇسھەف خەت نۇسخىسى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە بەلگە قويۇلمىغان.

## 15. ئۇمەييە خاندانلىقى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟

ئۇمەييە خاندانلىقى (661-يىلدىن 749-يىلغىچە، ھىجرىيە 40-يىلدىن 130-يىلغىچە) مۇئاۋىيە (661-يىلدىن 680-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئىبرۇسالىمدا ئۆزىنى "خەلىپە" دەپ جاكارلىغاندىن باشلاپ قۇرۇلغان خاندانلىق بولۇپ، كېيىن دەمەشقنى پايتەخت قىلغان، ئاندىن بالىغا مىراس قالىدىغان پادىشاھلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ئاق رەڭنى خانلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان.

ئۇمەييە خانىدانلىقى دەۋرىدە ئىككى مۇھىم يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان، بىرىنچىسى، جۈملىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە تاۋۇش بەلگىلىرى قويۇلغان؛ ئىككىنچىسى، چېكىتلىك ھەرپلەر يېزىقتا قوللىنىلغاندا چېكىت قوشۇلغان. ئەسلىدىكى ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا تاۋۇش بەلگىلىرى بولمىغاچقا (مەسىلەن، زىر، زەۋەر، پەش، ساكىن، دىماغ تاۋۇش بەلگىسى دېگەندەك)، تەلەپپۇز قىلغاندا خاتالىقلار كۆرۈلەتتى، بەزى يەرلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىنىمۇ چۈشەندۈرگىلى بولماي، تىل-يېزىقنىڭ تارقىلىشى ۋە قوللىنىلىشىدا مەلۇم قىيىنچىلىقلار تۇغۇلاتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ ئەسۋەد دەھلى تۇنجى بولۇپ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، مۇئمىنلەرنىڭ باشچىسى ئەلى ئەبۇ تالىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغانىدى. 665-يىلى (ھىجرىيە 45-يىلى) ئەبۇ ئەسۋەد تۇنجى بولۇپ جۈملىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە ئاددىي تاۋۇش بەلگىلىرىنى قويىدى. كېيىن خەلىل ئەبۇ ئەھمەد فاراسىد (651-يىلىدىن 689-يىلىغىچە ياشىغان) جۈملىدىكى ھەرپلەرنىڭ تاۋۇش بەلگىلىرىنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق بېكىتىپ چىقتى.









3-8 -رەسىم: تۇمار خەت نۇسخىسى. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن تەيىب يازغان "تەسمىيە" بىلەن بىر ھەددىسنىڭ بىر بۆلىكى.

ئەرەب يېزىقى چېكىتلىك ۋە چېكىتسىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئەينى چاغدا جۈملىدىكى ھەرپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چېكىتى يوق بولغاچقا، ئوقۇماق تەس بولۇپ، بەزىدە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان، ھەتتا خاتالىشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ھەرپلەرنىڭ چېكىتىنى قوشۇشقا توغرا كەلدى. 702-يىلى (ھىجرىيە 80-يىلى) ناسىر بىن ئاسىم تۇنجى بولۇپ جۈملىدىكى ھەرپلەرگە تېگىشلىك چېكىتلەرنى قويدى.

ئۇمەييە خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىلىرى خەتتاتلىققا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئىلھام بېرىشى بىلەن، ئېرۇسالىمدىكى تاش مەسچىتنىڭ قۇببىسى، دەمەشقتىكى ئۇمەييە مەسچىتى، خەير ئوردىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا خەتتاتلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتى كۆپلەپ قوللىنىلدى، خەتتاتلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىشى بىر ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە ۋەلىد بىن ئابدۇمۇلك قاتارلىق كۆپلىگەن خەتتاتلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ دەۋردىكى خەتتاتلار كۇفى، ھىجاز خەت نۇسخىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىپ، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، خەتتۇل جەلىل (جەلىل خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل تۇمار (تۇمار خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل سۇلۇس (سۇلۇس خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل سىلسىن (سىلسىن خەت نۇسخىسى) قاتارلىق تۆت خىل يېڭى خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلدى.




3-9-رەسىم: مۇسەلسەل خەت نۇسخىسىدا بىر قەلەمدىلا يېزىلغان "تەسمىيە". ئەسلى ئەسەر ئىراننىڭ ھەزرەت مەسچىتىنىڭ تېمىغا يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com

## 16. ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟


ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ ئابباس 749-يىلى بۇ سۇلالىنى قۇرۇپ، باغدادنى پايتەخت قىلغان، 1258-يىلى بۇ سۇلالە ھالاك بولغان. ئابباسىيلار سۇلالىسى ئەرەب ئىمپېرىيەسى تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن سۇلالە بولۇپ، قارا رەڭنى دۆلەت بەلگىسى قىلغان.

ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ پەن-مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. تەبەرى (838—923-يىللىغىچە ياشىغان)، مەسئۇد (؟—957-يىلىغىچە ياشىغان)، ئىبنى ئەشئەرى قاتارلىق ئۈچ تارىخشۇناس تارىخ تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تارىخ تەتقىقاتىدىكى قورال كىتابقا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا تەرجىمە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، پەلسەپە، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، رەسساملىق، مىمارچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىمۇ نۇرغۇن نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي، دىن تەرەققىياتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى ھەمدە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى خەتتاتلىقتىمۇ رەڭگارەڭ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، خەتتۇل تەۋقى (تەۋقى خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل ئىجازەت (ئىجازەت خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل مۇسەلسىل (مۇسەلسىل خەت نۇسخىسى)، خەتتۇل رۇقئى (رۇقئى خەت نۇسخىسى) قاتارلىق خىلمۇخىل يېڭى خەت نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى.



3 - 10-رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ئەھمەد جەيلان ھاسۇرى مۇسەلسىل خەت نۇسخىسىدا بىر قەلەمدىلا يازغان "تەسمىيە"

تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ دەۋردە ئىبنى مۇغلەي (885—939-يىللىغىچە ياشىغان)، ئىبنى بەۋاب (961—1023-يىللىغىچە ياشىغان) ۋە ياقۇت (1144—1221-ياشىغان) قاتارلىق ئەرەب تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۈچ خەتتات مەيدانغا كەلدى. ئالدىنقى ئىككى خەتتات سۇلۇس خەت نۇسخىسى بىلەن نەسخ خەت نۇسخىسىنى يېزىشنىڭ ئۆلچەم-قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىقتى، بۇ دەۋردە دائىم ئىشلىتىلىدىغان يەتتە خىل خەت نۇسخىسى ئاساسەن مۇقىملاشتى.



3 - 11-رەسىم: مەشھۇر خەتتات بەدەۋى دىلانىنىڭ شاگىرتى مەھمۇد شۇار فاتىمىيە كۇفى خەت نۇسخىسىدا يازغان ''تەسمىيە''




## 17. فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟

مىسىر تۇلۇن خانىدانلىقى (868—905-يىللىغىچە)دىن كېيىن فاتىمىيە سۇلالىسى (909—1171-يىللىغىچە، يەنى ھىجرىيە 295—566-يىللىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرۇلدى، بۇ مىسىر ئىسلام تارىخىدىكى بىرقەدەر مەشھۇر خانىدانلىق بولۇپ، ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى سۇلالە نامى قىلغان، بۇ سۇلالە شىئە مەزھىپىگە ئەمەل قىلىپ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە قارشى تۇراتتى.

فاتىمىيە سۇلالىسىدە تارىخ بېتىگە پۈتۈلگەن ئىككى چوڭ ئىش بولغان: بىرى، خانىدانلىقنىڭ پايتەختى تۇنىسنىڭ مەھدىيە شەھىرىدىن

مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە يۆتكەلگەن؛ يەنە بىرى، 972-يىلى قاھىرەدە دۇنياغا داڭلىق ئەزھەر مەسچىتى سېلىنغان. فاتىمىيە سۇلالىسى مەسچىت، ئوردا ۋە ئاھالە ئۆيلىرىنىڭ مىمارچىلىق سەنئىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، مەسچىت ئىمارەتلىرىنى كۇفى خەت نۇسخىسى ۋە قاپارتما نەقىش سەنئىتى بىلەن بېزىگەن. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتتىكى كۇفى خەت نۇسخىسى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، قەلىمى سىلىق ھەم راۋان، قۇرۇلمىسى تەكشى، زىننەتلىرى كۆركەم "فاتىمىيە كۇفى خەت نۇسخىسى" شەكىللەنگەن، بۇ كۆركەم، پۇختا خەت نۇسخىسى خېلى ئۇزاق مەزگىل دەۋر سۈرۈپ، باشقا ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن "فاتىمىيە كۇفى خەت نۇسخىسى" تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، باشقا ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچراتقان.



3 - 12-رەسىم: خەتتات يۈسۈپ ئەھمەد فاتىمىيە كۇفى خەت نۇسخىسىدا يازغان ئەسەر — "بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما"

## 18. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى خەتتاتلىق قانداق ئىدى؟


فاتىمىيە سۇلالىسى، ئەييۇب سۇلالىسى (1171—1250-يىللىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، مەملۇك سۇلالىسى (1252—1517-يىللىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) كەينى-كەينىدىن ھالاك بولغاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك ئوسمان ئىمپېرىيەسى تۈركىيەدە باش كۆتۈردى، بۇ ئىمپېرىيە 1299-يىلدىن 1922-يىللىغىچە 623 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئىستانبۇلدىكى ئەرەبچە ھۆسنخەتلەر ھازىرمۇ دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئىستانبۇل خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مەركىزىگە ئايلاندى. ”قۇرئان كەرىم مەككە بىلەن مەدىنىدە نازىل بولغان، مىسىرلىقلار قۇرئان كەرىمنى ياخشى قىرائەت قىلدۇ، ئىستانبۇللۇقلار قۇرئان كەرىمنى ياخشى كۆچۈرىدۇ“ دېگەن گەپلەر ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ تارالغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانلىرىدىن مۇستاپاخان II، ئەھمەدخان II، مۇھەممەد II، ئابدۇلمەجىد II قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى داڭلىق خەتتاتلار ئىدى.


ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھىرى ئىستانبۇلدا قەدىمكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى يىغىپ ساقلايدىغان دۆلەتلىك مۇزېي قۇرۇلغان؛ ئىستانبۇلدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت ــ سۇلتان ئەھمەد جامەسى (كۆك مەسچىت) نىڭ ئىچى ۋە سىرتى گۈزەل ھۆسنخەتلەر بىلەن بېزەلگەن؛ ھۆسنخەت، نەققاشلىق، زىننەتچىلىك (ھەل بېرىش، بوياقچىلىق) قاتارلىق سەنئەتلەردىن دەرس بېرىدىغان مەخسۇس مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىمپېرىيەدە سۇلتاندىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە خەتتاتلىققا ھېرىسمەن بولۇپ، ھۆسنخەتتە كامالەتكە يېتىش شەرەپ ھېسابلىناتتى، ھەر خىل ھۆسنخەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى، خەتتاتلارغا بېرىلىدىغان تەقدىرنامىنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان مەزمۇنمۇ بېكىتىلگەنىدى.



3 - 13 - رەسىم: ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئىستانبۇللۇق مەشھۇر خەتتات مۇھەممەد ئەمىن سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يازغان ﴿ نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ ﴾ [”نۇر“ سۈرىسى، 35 - ئايەت] دېگەن ئايەت.

خەتتاتلىق مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قوللىنىلىدۇ، مەسچىت، ئوردا، ئىشخانا، ئۆي، سۇ ئىچىدىغان ئورۇنلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يەرلىرىگە ھۆسنخەتلەر يېزىلىدۇ. چالغۇلار، سايمانلار، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس نەقىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەر خىل ھۆسنخەت نۇسخىلىرى ئويۇلىدۇ، ھەتتا قەبرە تاشلىرىغىمۇ سۇلۇس ياكى پارس خەت نۇسخىلىرىدا ھۆسنخەت يېزىلىدۇ، بۇ ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.







3 - 14 ـ رەسىم: مۆھۈر خەت نۇسخىسى. بۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II(1876—1909)نىڭ مۆھۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ”ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇلمەجىد غازى“ دېگەن خەتنى ئۆز قولى بىلەن يازغان. ئۇ مەشھۇر خەتتات ئازىتنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ھەم سۇلتان، ھەم خەتتات ئىدى. بۇ ئەسەر ھازىر تۈركىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



www.uyghurkitap.com

ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ خەتتاتلىرى قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە سۈرە ۋە ئايەتلەرنى ئالتۇندىن ھەل بېرىش، نەپىس ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى سىزىش ئارقىلىق ئايرىغان. بۇ دەۋردە ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە گۈل بولغان ”خەتتۇل تەغرائ“ (مۆھۈر خەت) ئىجادىيەت سەنئىتى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىغا، سۇلتانىنىڭ مەخسۇس مۆھۈرىگە ئايلانغان.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلۇس، نەسخ، جەللى دىۋانى قاتارلىق خەت نۇسخىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ”ئوسمان رۇقئى“ ناملىق خەت نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.



3 - 15 - رەسىم: مۇھەممەد سۇبۇر ھىلالى تاج خەت نۇسخىسىدا يازغان ”ماشائاللاھ“

### ئەرەبچە خەت نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

## 19. ئەرەب يېزىقىدا نەچچە خىل خەت نۇسخىسى بار؟

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب خەتتاتلىقمۇ جايلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىلمۇخىل ئۇسلۇبتىكى خەت نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن: كۇفى خەت نۇسخىسى، نەسخ خەت نۇسخىسى،

سۇلۇس خەت نۇسخىسى، پارس (تەئلىق) خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە رۇقئى خەت نۇسخىسى قاتارلىق ئالتە خىل خەت نۇسخىسى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى، مۆھەۋر خەت نۇسخىسى، تەۋقى خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، تاج خەت نۇسخىسى، مەغرىب خەت نۇسخىسى ۋە رەيھانى خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

## 20. كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

كۇفى خەت نۇسخىسى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمى شەكىللىرىدىن بىرى. بۇرۇنقى يەمەنلىك ئەرەبلەر "مۇسنەدىل خەمرى" دەيدىغان بىر خىل خەت نۇسخىسىنى ئىشلەتكەن، ھىجاز رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەررانغا يېقىن يەردە ياشايدىغان ئەرەبلەر



3 ـ 16 ـ رەسىم: كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ئەرەب ئېلىپبەسى








www.uyghurkitap.com

"نەباتىيە" دەيدىغان بىر خىل خەت نۇسخىسىنى قوللانغان، كېيىن نەباتىيە خەت نۇسخىسى كۇفە رايونىغا تارقىلىپ ھەم بۇ جايدا تەرەققىي قىلىپ، "كۇفى خەت نۇسخىسى" دەپ ئاتالغان.

مەھمۇد شاكىر زەنبەلى «ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق كىتابىدا: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالىي قوماندانى سەئىد ئىبنى ۋەققاس كۇفەدىكى بارگاھىدا تۇرغان مەزگىلدە لەشكەرلىرىگە ئىفرات دەرياسى ۋادىسىدىكى كۇفە رايونىدا بىر شەھەر قۇرۇشنى بۇيرۇغان. بۇ دەل كېيىنكى زامانلاردىكى مەدەنىيەتلىك قەدىمىي شەھەر كۇفە ئىدى. كېيىن تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئەبۇ تالىپ خەلىپىلىك مەركىزىنى مەدىنەدىن كۇفەگە يۆتكىدى، ئەلى مەزكۇر خەت نۇسخىسىنى كۇفى خەت نۇسخىسى دەپ ئاتىدى" دەپ يازغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا كاتىپلار قۇرئان كەرىمنى كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىپ خاتىرىلەيتتى، بۇ خەت نۇسخىسى ئەرەب ئەللىرىگە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر توم ھەم كۈچلۈك، چاسا ھەم يۇمىلاق، تىك ۋە توغرا سىزىقلىرى روشەن بولغان بۇ خەت نۇسخىسىنى مەسچىت تاملىرىغا، دەرۋازىنىڭ بېشىغا، ئوردا-سارايلارغا ۋە تاش ئابىدىلەرگە ئويۇپ نەقىشلىدى. كۇفى خەت نۇسخىسىنى يازغاندا باشقا خەت نۇسخىلىرىنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بامبۇك قەلەم، قومۇش قەلەمدىن باشقا يەنە پەلكۈچ قەلەم، سىزغۇچ، ئۈچ بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ، سىركۇل قاتارلىق نەرسىلەر كېرەك. بەزىلەر: "كۇفى خەت نۇسخىسى خەتتاتلىقلا ئەمەس، بەلكى گۈزەل سەنئەتكە تەۋە" دەپ قارايدۇ، بەزى كۇفى خەت ئەسەرلىرىدە ھەرپلەر كۆپلىگەن سىزىقچە، ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى ۋە گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر بىلەن زىننەتلىنىدۇ.




3-17-رەسىم: مىسىرلىق مەشھۇر خەتتات مۇھەممەد ئابدۇللا قادىر ئابدۇللا كۇفى خەت نۇسخىسىدا يازغان "الله". ئەسەرنىڭ سىزىقلىرى تەكشى، رەتلىك، تىك ۋە مەزمۇت بولۇپ، ئاپتور خەتلەرنى چوڭايتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگەن.

كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ تۈرى 70 خىلدىن ئاشىدۇ. رايونغا ئاساسەن، ئىزمىر (كۇفى خەت) نۇسخىسى، مەككە نۇسخىسى، ئەندەلۇسىيە نۇسخىسى، شام نۇسخىسى، ئىراق نۇسخىسى، فاتىمىيە نۇسخىسى، ئەيۇب نۇسخىسى، مەملۇك نۇسخىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ شەكلىگە ئاساسەن، ئاددىي كۇفى، يوپۇرماق شەكىللىك كۇفى، ئۆرۈمە چاچ شەكىللىك كۇفى، گېئومېترىيەلىك كۇفى، تۈۋرۈك شەكىللىك كۇفى، يېڭى كۇفى (خەت نۇسخىسى) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

## 21. نەسخ خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

"النسخ" (نەسخ) سۆزى ئەرەبچىدە "كۆچۈرۈپ يازماق، قولدا كۆچۈرمەك، كۆچۈرۈپ خاتىرىلىمەك" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇسخا ئەينى چاغدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئوردا ھۆججەتلىرىنى كۆچۈرۈشتە قوللىنىلغان بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. كاتىپلار بۇ خەت نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى كۆچۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەتنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرى، ھۆكۈمەت چاكارلىقان قانۇن-پەرمانلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خارجى ئىشلارغا ئائىت خەت-چەكلىرىنى كۆچۈرگەن. كېيىنچە، ئاخبارات ئورگانلىرى بۇ نۇسخىدىن پايدىلىنىپ گېزىت-ژۇرناللارغا كەلگەن ماقالىلەرنى كۆچۈرگەن؛ نەشرىيات ئورۇنلىرى بۇ نۇسخىدىن پايدىلىنىپ كىتاب تۈزگەن ۋە نەشر قىلغان. ئۇ ئادەتتىكى خەت نۇسخىسىغا ئوخشاش جەمئىيەتتە كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ



3 - 18-رەسىم: نەسخ خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ئەرەب ئېلىپبەسى

كىرگەن.

ئەرەب خەتتاتلىقىدا نەسخ خەت نۇسخىسى كىچىك باسما خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى چوڭ باسما خەت نۇسخىسى دەپ ئاتىلىدۇ. نەسخ خەت نۇسخىسىنى يېزىشنىڭ ئۆلچەم-قائىدىلىرى بار، خەتلەر چىرايلىق، نازۇك، رەتلىك ۋە زىچ يېزىلىدۇ؛ قۇر ئارىلىقى رەتلىك، زىچلىقى تەكشى، چىرايلىق بولۇپ، كىشىگە گويا كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسكەن ساھىبجامال قىزدەك، سۇ تامچىلاپ تۇرغان نىلۇپەردەك ساپ ۋە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

ISLAMI ART




3 - 19 - رەسىم: نەسخ خېتىدە يېزىلغان ئايەتنى كەرىم: ﴿ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار﴾ [''ئال ئىمران'' سۈرىسى، 103-ئايەت].

بۇ نۇسخىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەرەب خەتتاتلىرى بىلەن يېزىق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل. ئىبراھىم زۇمرە «ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق كىتابىدا: ''بەزىلەر ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردە بۇ نۇسخىنى تۇنجى بولۇپ قوللانغان كىشى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئەبۇ تالىپ دەيدۇ. يەنە بىر ئىشەنچلىك قاراشتا دېيىلىشىچە، ۋەزىر ئەزەم ئىبنى مۇغەيرە بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەبۇ ئابدۇللا ئەينى چاغدىكى كۇفى خەت نۇسخىسىغا ئاساسەن بۇ خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. ئىبنى مۇغەيرە 'بەدئىيات' دېگەن نام بىلەن ئاتىغان بۇ خەت نۇسخىسى مىسىردىكى مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدە

مىسلىسىز تەرەققىي تاپقان" دەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك يەنە بىر قاراش شۇكى، ئەينى چاغدا كىشىلەر كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغان ھىجاز نۇسخىسىنى ئىككىگە بۆلگەنىدى: بىرى، تىك چاسا، ئەگمەچىرەك، يانتۇ ئۈچ بۇلۇڭلۇق، گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئوخشاپ قالىدىغان خەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇ كېيىنكى كۇفى خەت نۇسخىسى ئىدى؛ يەنە بىرى، قىرى يۇملاق، زىلۋا خەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇ كېيىن تەرەققىي قىلىپ نەسخ خەت نۇسخىسىغا ئايلانغان.

نەسخ خەت نۇسخىسى بىلەن سۇلۇس خەت نۇسخىسى ئاساسەن ئوخشاش بىر دەۋردە تەرەققىي قىلغان. نەسخ خەت نۇسخىسى سۇلۇس خەت نۇسخىسىغا باققاندا تېزرەك يېزىلىسىمۇ، ئىككىسىنىڭ يېزىلىش قائىدىسىدە بىر مۇنچە ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ياخشى ئۈنۈم يارىتىدۇ. خەتتاتلار نۇرغۇن ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى خەت نۇسخىسىنى تەڭ قوللىنىپ، ئەرەب خەتتاتلىقىدىن ئىبارەت بۇ رەڭدار گۈزەل سەنئەتنى تېخىمۇ بېيىتقان. بۇ ئىككى خەت نۇسخىسى ناھايىتى ياخشى ماسلاشقان، بىر-بىرىگە ياراشقان بولۇپ، پەۋقۇلئاددە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى خەت نۇسخىسىنىڭ پەرقى شۇكى، ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلىنىش شەكلى ئوخشىمىغاچقا، نەسخ خەت نۇسخىسى چىرايلىق، ئويناق؛ سۇلۇس خەت نۇسخىسى جۇشقۇن، مەردانە كۆرۈنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، نەسخ خەت شەكلىنىڭ ئۆلچەم-قائىدىلىرىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا بۇ خەت نۇسخىسىدىمۇ خەتنى چوڭ يازغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا كىچىك خەت نۇسخىسى، يەنە كېلىپ قانچە كىچىك بولسا شۇنچە چىرايلىق ۋە ئويناق كۆرۈنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، نەسخ خەت نۇسخىسىمۇ ئۆزگىرىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، يەنە كۆپلىگەن يېڭى خەت نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى.

نەسخ خەت نۇسخىسى قەدىمىي كۆچۈرمە نۇسخا ۋە ئاخبارات نۇسخىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ISLAMIC ART



www.uyghurkitap.com

## 22. سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

"الثلث" (سۇلۇس) سۆزى ئەرەبچىدە "ئۈچتىن بىر" دېگەنلىكتۇر. ئەرەب خەتتاتلىقىدا سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا كامالەتكە يەتمىگەن ئادەم خەتتات سانالمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا سۇلۇس خەت نۇسخىسىنى بىراقلا ئەرەب خەتتاتلىقى دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇ "بارلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ئانىسى." يەنە بەزىلەر "سۇلۇس" قەلەم ئۇچىنىڭ خەت يازغاندىكى كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق خەتتات، باغداد ئوردىسىنىڭ ۋەزىرى ئىبنى مۇقەيرە سۇلۇس ۋە نەسخ خەت نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەم-قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئورنىنى تۇنجى بولۇپ بېكىتىپ چىققان، شۇنىڭدىن بۇيان خەتتاتلار بۇ ئۆلچەمگە رىئايە قىلىپ كەلمەكتە. ئىبنى بەۋاب ئىبنى مۇقەيرە كۆرسەتكەن دائىرىدە خەتتاتلىقنى يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ھەم گۈزەللەشتۈرگەن.


سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا ھەرپلەرنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ، خەتلەر جۇشقۇن، مەردانە، گۈزەل ۋە تەكشى يېزىلىدۇ، بۇ خەت نۇسخىسى كۆپ ھاللاردا ئايەت كۆچۈرۈش، كىتاب ئىسمى ۋە ئېلان تاختىلىرىنى يېزىش، مەسچىت ۋە ئوردىلارنى زىننەتلەش ھەم نەقىشلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

بۇ خەت نۇسخىسىنىڭ باشقا خەت نۇسخىلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، جۈملىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە تاۋۇش بەلگىلىرى ۋە قوشۇمچە زىننەت بەلگىلىرى، شۇنداقلا ئۆلچەم-قائىدىدە بەلگىلەنگەن "شەكلى ئۆزگەرگەن بەلگىسىز كىچىك ھەرپلەر" قويۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com




3 - 20 - رەسىم: سۇلۇس نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان زىر-زەۋەر، زىننەت بەلگىلىرى ۋە كىچىك ھەرپلەر




3 - 21 - رەسىم: سۇلۇس خەت نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان زىر-زەۋەر، زىننەت بەلگىلىرى ۋە كىچىك ھەرپلەر





3 - 22 - رەسىم: چېكىت بىلەن بەلگىلەنگەن سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلىدىغان ئېلىپبە ئۆلچىمى. بۇنىڭ بىلەن ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، كەڭلىكى، ئېگىزلىكى ۋە يانتۇلۇقى ئۆلچىنىدۇ.





3 - 23 - رەسىم: سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ئەرەب ئېلىپبەسى



3 - 24-رەسىم: پاراللېل سۇلۇس خەت نۇسخىسى. مەنىسى: ﴿ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد (ئىبادەت قىلىنغۇچى) يوق، ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.﴾ بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئەپچىل، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەكشى، تېمىسى روشەن، قەلىمى تەبىئىي ۋە راۋان بولۇپ، خەتتات مۇھەممەد شەۋقىي ھىجرىيە 1286-يىلى يازغان.






3-25-رەسىم: مەشھۇر خەتتات ئابدۇلئەزىز رەفائى 1928-يىلى يازغان گېئومېترىيەلىك سۇلۇس خەت. ﴿فالله خير حافظا و هو الرحم الراحمين ﴾ (ئاللاھ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر)["يۇسۇف" سۈرىسى، 64-ئايەت]. بۇ ئەسەردە خەتلەر ئىستېرېئولۇق كىرىشتۈرۈلگەن، پۈتۈن سىزىق بىلەن ئۆزۈك سىزىقلار جايىدا ماسلاشتۇرۇلغان، بىر-بىرىگە زىچ جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى ئېستېتىك ئۈنۈم يارىتىلغان. بۇ سۇلۇس خېتىدە يېزىلغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دەپ قارىلىدۇ.

uyghurkitap.com






3 -26 - رەسىم: يۇمىلاق سۇلۇس خەت.
﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى (دۇنيادا ھەممىگە شەپقەتلىك، (ئاخىرەتتە مۆمىنلەرگە) مېھرىبان، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى — ئاللاھقا خاستۇر. (ئى رەببىمىز!) بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز. سەن بىزنى ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ توغرا يولىغا باشلىغىن﴾ {"فاتىھە" سۈرىسى}.



## 23. پارس خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

سىزىقلىرى تەبىئىي، راۋان بولغان پارس خەت نۇسخىسى ناھايىتى چىرايلىق خەت نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى پارسلارغا كىرگەندىن كېيىن كۇفى خەت نۇسخىسى قەدىمكى پارسلار ئىشلىتىۋاتقان پەھلىۋى خەت نۇسخىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئۇلار كۇفى خەت نۇسخىسىدىن




3 — 27 - رەسىم: پارس خەت نۇسخىسى. ئەسەرنىڭ سىزىقلىرى تەكشى، ھەرپلەرنىڭ ئۇلىنىشى ئالاھىدە بولۇپ، تەشتەك شەكلىدە پاراللېل يېزىلغان. يا عبادى الذين أسرفوا على أنفسهم لا تقنطوا من رحمة الله يغفر الذنب جمعا ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ سۆزۈم سۈپىتىدە) ئېيتقىنكى، ئى ئۆزىگە گۇناھلارنى ھەددىدىن ئارتۇق يۈكلىۋالغان بەندىلىرىم! سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە گۇناھنى (تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلىدۇ﴾ {"زۇمەر" سۈرىسى، 53 - ئايەت}.

پايدىلىنىپ قۇرئان كەرىمنى كۆچۈردى. كېيىن پارسلار نەسخ خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپلەرنى سوزۇنچاق، ئەگمەچ يېزىش ماھارەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پەھلىۋى خەت نۇسخىسىدىكى بىر قىسىم سىزىق ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ”تەئلىق خەت نۇسخىسى“ دەيدىغان يېڭى خەت نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇلار ”ن“ ھەرپى ۋە بىر قىسىم سوزۇپ يېزىلىدىغان ھەرپلەرنى رەتلىك ساڭگىلاپ تۇرغان شەكىلدە يېزىپ، تولىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزدى، شۇڭا ”ئېسىلىپ تۇرغان، ساڭگىلاپ تۇرغان“ دېگەن مەنىدىكى ”تەئلىق“ سۆزى بۇ خەت نۇسخىسىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. بۇ خەت نۇسخىسىنى پارسلار، ئافغانلار، پاكىستانلىقلار ۋە ھىندىستانلىقلار كۆپ ئىشلەتكەچكە، ھىجرىيە 4-ئەسىردە ”خەتتۇل فارسى“ (پارس خەت نۇسخىسى) دەپمۇ ئاتالغان.

يەنە بەزىلەر دىلمى دۆلىتى (ھىجرىيە 322 ~ 372-يىلىغىچە، يەنى مىلادىيە 934 ~ 982-يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان) دەۋرىدە ياشىغان خەتتات ھەسەن فارسى بۇ خەت نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەم-قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ نامى بىلەن ”پارس خەت نۇسخىسى“ دەپ ئاتالغان، دەيدۇ.



3 - 28 - رەسىم: پارس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان ئەرەب ئېلىپبەسى


ھىجرىيە 9 ـ ئەسىردە (مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە) ھىرات ۋە بۇخارا شەھىرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات، ۋەزىر، شائىر ۋە مۇزىكانت مىر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسلىدىكى تەئلىق خەت نۇسخىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن بولۇپ، نەسخ خەت نۇسخىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەئلىق خېتىگە تەتبىقلاپ، بۇ خەتنىڭ ئۆلچەم ـ قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىققان. ئۇ بۇ خەت نۇسخىسىنى "نەستەئلىق" دەپ ئاتاپ، ئەسلىدىكى "نەسخ ـ تەئلىق" خەت نۇسخىسىنىڭ ئورنىدا قوللانغان.

ئىران تارىخىدا پارس خەت نۇسخىسىدا ھۆسنخەت يازغان نۇرغۇن داڭلىق خەتتاتلار ئۆتكەن بولۇپ، مەشھۇرلىرىدىن ئەبۇ قاسىم بىن ئىبراھىم، سۇلتان ئەلى مەشھەدى، ئابدۇرەھمان خارەزمى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى تەبىئىي، چىرايلىق، نەپىس، ئويناق بولۇپ، سىزىقلىرىنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكى ناھايىتى ماسلاشقان.

## 24. دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

"دىۋان" سۆزى "مەمۇرىي ئورگان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بەزىلەر "دىۋانى خەت نۇسخىسى"نى " ھۆججەت نۇسخىسى" دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.

دىۋانى خەت نۇسخىسى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوردىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى يېزىشقىلا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، مەزكۇر نام بىلەن ئاتالغان. ھىجرىيە 856 ـ يىلى (مىلادىيە 1453 ـ يىلى) سۇلتان مۇھەممەد II نىڭ كاتىپى، خەتتات ئىبراھىم مۇنىف تۇنجى بولۇپ بۇ خەت نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەم ـ قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىققان. شۇ يىلى سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ بۇ خەت نۇسخىسىنى رەسمىي مۇقىملاشتۇرغان. ھىجرىيە 1132 ـ يىلى (مىلادىيە 1720 ـ يىلى) سۇلتان ئەھمەد III نىڭ زامانىدا ۋەزىر، داڭلىق خەتتات شاھلان پاشا بۇ خەت نۇسخىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن.




3 - 29 - رەسىم: دىۋانى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان قېلىپلاشقان ئەرەب ئېلىپبە جەدۋىلى

ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانلىق مەكتىپى ھىجرىيە 1318 - يىلى (مىلادىيە 1900 - يىلى) مەشھۇر خەتتات مۇھەممەد ئىزىتتا "دىۋانى خەت نۇسخىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۇستازى" دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن.

دىۋانى خەت نۇسخىسىدا تۈز سىزىق ئاز، ئەگرى سىزىق كۆپ، ھەرپلەر بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ گىرەلەشتۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ماسلاشقان، ھەرپلەرنىڭ ئارىلىقى ھەم ئېنىق، ھەم كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، نەپىس، گۈزەل ھەم ئەركىن يېزىلىدۇ؛ ھەرپلەردىن ئاجايىپ شەكىللەرنى چىقىرىش ئاسان، لېكىن خەتلەرنى ئوقۇماق تەس. دىۋانى خەت نۇسخىسى تېز يازما دىۋانى، زامانىۋى دىۋانى، بېزەك دىۋانى، ئايلانما دىۋانى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھىجرىيە 1132 - يىلى (مىلادىيە 1720 - يىلى) ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەزىرى، داڭلىق خەتتات شاھلان پاشا يەنە جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. "جەللى" دېگەن سۆز ئەرەبچىدە "ئېنىق، روشەن" دېگەن مەنىدە. جەللى دىۋانى سەنئەت تۈسى ناھايىتى قويۇق خەت نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەسلىدىكى دىۋانى خەت نۇسخىسى ئاساسىدا "م"، "ل" ھەرپلىرىنىڭ بېشىغا شەكىل چىقىرىلىپ، جۈملە ئوتتۇرىسىغا زىننەت تۈسىنى بېرىدىغان بىر قانچە يۇمىلاق چېكىت ۋە ھەرپلەرنىڭ تاۋۇش بەلگىلىرى قويۇلۇپ، خەتلەر

www.uyghurkitap.com


تېخىمۇ ئۈزلاشتۇرۇلدۇ. بەزىلەر بۇ خەت نۇسخىسىنى جۇڭگو خەتتاتلىقىنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن دېيىشىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە جۇڭگودىكى مۇسۇلمان خەتتاتلار مۇشۇ خەت نۇسخىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسلۇب بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى خەتتاتلىق ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ”جۇڭگوچە خەت نۇسخىسى“ دەيدىغان ئەرەبچە خەت نۇسخىسىنى شەكىللەندۈردى.



3 - 30 ـ رەسىم: دىۋانى خەت نۇسخىسى. والله غالب أمره و لكن أكثر النس لا يعلمون ﴿ ئاللاھ ئۆز ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى بۇنى ئۇقمايدۇ ﴾ {”يۇسۇف“ سۈرىسى، 21 ـ ئايەت}. بۇ دىۋانى خەت ئۇستىسى ئۇزلانىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان بۇ ھۆسنخەت بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ھەرپلەر بىر ـ بىرىگە ئەپچىل كىرىشتۈرۈلگەن، ئىزچىل ھەم تەرتىپلىك بولۇپ، كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.




3-31 ـ رەسىم: جەللى دىۋانى خېتىدە يېزىلغان قېلىپلاشقان ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلى



3 - 32 ـ رەسىم: «ئەرەب ئېلىپبەسى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، خەتتات تاج شىر ھەسەن دىۋانى خەت نۇسخىسىدا يازغان ”فاتىھە“ سۈرىسى.

ئەسلىدە ئوردىدا مەخپىي قوللىنىلغان بۇ خەت نۇسخىسى تارىخىي تەرەققىياتتا ئەگىشىپ، كىشىلەر كىنىشكا، ئاتكرىتكا، كىتاب ئىسمى قاتارلىقلارغا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان خەت نۇسخىسىغا ئايلاندى. مىسىرلىق خەتتات ئوسمان مۇھەممەد تۇن 1996 ـ يىلى بۇ خەت نۇسخىسىدا قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈپ چىقتى.



3 - 33 - رەسىم: خەتتات مۇھەممەد شەۋقىق ھىجرىيە 1291 - يىلى جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسىدا يازغان ھۆسنخەت.

أعذ بالله من الشيطن الرجيم بسم الله الرحمن الرحيم اللهم يا مفتح الأبوب افتح لنا خير الباب

﴿ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللاھ! بىزگە ياخشىلىق دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بەرگەيسەن!﴾

بۇ ھۆسنخەت كېمىگە ئوخشايدۇ، ھەرپلەر ئەپچىل ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، جانلىق، جۇشقۇن، قەلەم ئەركىن ۋە ئويناق.






## 25. رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

رۇقئى خەت نۇسخىسى "تېز يازما نۇسخا" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىسىرلىق داڭلىق خەتتات مەئالىف رەسقى مىسىر دارۇل پىكىر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئەرەب خەتتاتلىقىنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟» ناملىق كىتابىدا: "رۇقئى خەت نۇسخىسى ھىجرىيە 850 - يىلى تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەت نۇسخىسىدۇر؛ ئەينى چاغدا ئۇلار ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۆزئارا خەت - چەك ئالاقىسى قىلىشتا بىرلىككە كەلگەن بىر خىل خەت نۇسخىسىنى ئىشلەتكەن، بۇ پەقەت ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدىلا قوللىنىلغان؛ شۇڭا، بۇ خەت نۇسخىسى 'خەتتۇل رۇقئە' دەپ ئاتالغان؛ 'رۇقئە' سۆزى ئەرەبچىدە 'خەت يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز پارچىسى' دېگەنلىكتۇر؛ ئۇنىڭ قەدىمكى ئەرەب خەت نۇسخىسى 'خەتتۇل رۇقئا' بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق" دەپ يازغان.


مىسىرلىق يەنە بىر خەتتات فازىل سەلىم ئەففى «رۇقئى خەت نۇسخىسى» ناملىق كىتابى (مىسىر دارۇل مەنار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشىر قىلىنغان)دا: ”ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان كۆپ قىسىم خەتتاتلار رۇقئى خەت نۇسخىسى قەدىمكى ئەرەب خەت نۇسخىسى ‘خەتتۇل رۇقئا’دىن كەلگەن، چۈنكى ‘ئەررۇقئا’ دېگەن سۆز ‘ئەررۇقئى’ دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكىدۇر، ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر، دەپ قارايدۇ؛ ئەمما رۇقئا خېتىنىڭ كۆپىنچە ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىش شەكلى نەسخ خەت شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ؛ يەنە بەزى ھەرپلىرىنىڭ بېشى پۈتەي يېزىلىپ، تېز يازما شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ“ دەپ يازغان. فازىل يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”رۇقئى خەت نۇسخىسى ھىجرىيە 10 - ئەسىردىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئوسمان ئىمپىرىيەسىدە كەڭ تارقالغان.“

رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە خەتتاتلارنىڭ قارىشى ھەرخىل بولسىمۇ، بۇ خەت نۇسخىسى ھىجرىيە 9 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دەيدىغانلار كۆپ. بىزمۇ بۇ خەت نۇسخىسىنىڭ تېز يازما نۇسخىسىنى 9 - ئەسىردە شەكىللەنگەن دېسەك ئورۇنسىز بولمايدۇ. تۈركىيە ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان مەشھۇر خەتتات ئەبۇ بەكرى مۇمتاز مۇستاپا (ھىجرىيە 1225—1284 - يىلىغىچە ياشىغان) سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ خۇش خەت ئۇستازى ئىدى. ئۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق 45 يېشىدا (ھىجرىيە 1270 - يىلى) رۇقئى خەت نۇسخىسىنى يېزىشنىڭ قائىدىلىرى ۋە شەكلىنى بېكىتكەن. بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا يەنە مۇھەممەد ئىزىت (ھىجرىيە 1257—1320) دەيدىغان بىر تالانتلىق خەتتات يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇ سۇلتانلىق مەدرىسەسىنىڭ خۇش خەت ئۇستازى ئىدى، ئۇ يازغان رۇقئى خەت نۇسخىسى ئىلگىرىكى خەتتات ئەبۇ بەكرى مۇمتازنىڭكىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ رۇقئى خەت نۇسخىسىنى يېزىشنىڭ ئۇسۇلى، قائىدىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى رەتلەپ ھۆسنخەت ئۆلگىسى تۈزگەن، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى

ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارالغان؛ جايلاردىكى خەتتاتلار مۇھەممەد ئازىتىنىڭ خېتى ۋە خەت يېزىش قائىدىلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل ھۆسنخەت ئۈلگىلىرى ۋە كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلدۇرغان، بۇ كىتابلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.



3 ـ 34 ـ رەسىم: رۇقئى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان "فاتىھە" سۈرىسى



3 - 35 ـ رەسىم: رۇقئى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان قىلىپلاشقان ئېلىپبە جەدۋىلى

دېمەك، رۇقئى خەت نۇسخىسىنى ئەبۇ بەكرى مۇمتاز قېلىپلاشتۇرغان، مۇھەممەد ئازىت بولسا تەرەققىي قىلدۇرغان.

رۇقئى خەت نۇسخىسى يېزىشقا ئەپلىك ھەم راۋان، تەبىئىي ھەم نەپىس بولۇپ، تېز يازما نۇسخىسىدا سوزۇپ يېزىلىدىغان ھەرپلەر يوق، ھەرپلەر زىچ يېزىلىدۇ، بۇ ئۆگىنىشكە ئەڭ ئاسان خەت نۇسخىسىدۇر. بۇ خەت نۇسخىسىدا خەتلەر ئېنىق، ئوقۇش ئاسان، ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، خاتىرە يېزىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، سۆز خاتىرىلەش ۋە خەت ـ چەك ئالاقىلىرىدە ئاساسەن مۇشۇ خەت نۇسخىسى ئىشلىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال مۇقاۋىسى، سودا ئېلانى، ۋىۋىسكا ـ لوزۇنكا ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۇستىدىكى تاختايلارغىمۇ مۇشۇ خەت نۇسخىسى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان مەشھۇر خەتتاتلار


## 26. ئاbباسىيلار سۇلالىسىدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟

ئاbباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان داڭلىق خەتتات، باغداد ئوردىسىنىڭ ۋەزىرى ئىبنى مۇغەيرە ھىجرىيە 272 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى (پەيشەنبە) باغدادتا تۇغۇلغان. تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇغەيرە. ئۇ كىچىكىدىنلا خەتتاتلىققا ھېرىسمەن بولۇپ، جاپالىق مەشىق قىلىش ھەم ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق خەتتاتلىقتا كامالەتكە يېتىپ، يىراق ـ يېقىندا داڭقى بار خەتتاتقا ئايلانغان ھەمدە خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقان. ئۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نەسخ ۋە سۇلۇس خەت نۇسخىلىرىنىڭ ئۆلچەم ـ قائىدىلىرىنى تۇنجى بولۇپ بېكىتىپ چىققان بولۇپ، "چېكىت"نى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ھەرپلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئورنىنى بەلگىلىگەن، خەتتاتلار ھازىرغىچە مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇ "ئەرەب خەتتاتلىقى نەزەرىيەسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پېشۋاسى“ دەپ ئاتالغان.

ئوردىدىكى ھەسەتخورلۇق ۋە پىتنە-پاسات تۈپەيلىدىن ئىبنى مۇغەيرە تولىمۇ جىق ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، تۆت قېتىم ۋەزىر بولۇپ، تۆت قېتىم زىندانغا تاشلىنىپ، تۈرلۈك ھاقارەت ۋە قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغان. ھىجرىيە 328-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ تۆھپىكار، ئۇلۇغ خەتتات ئۆزىنىڭ پارلاق ھەم ئەگرى-توقاي ھايات مۇساپىسىنى تاماملاپ، 56 يېشىدا



3-36-رەسىم: ئىبنى مۇغەيرەنىڭ كەم ئۇچرايدىغان نەسخ ۋە سۇلۇس خېتى

زىنداندا ئىچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن.


بۇ ئۇستاز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بىر داڭلىق خەتتات ئەبۇ ھەسەن ئەلى ئىبنى ھىلال ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھىجرىيە 3-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باغدادتا دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى شۇ چاغدىكى شەرئى مەھكىمىنىڭ ئىشكباقارى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى "ئىبنى بەۋاب" (ئىشكباقارنىڭ ئوغلى) دەپ ئاتىغان.



3 - 37-رەسىم: ئىبنى بەۋاب ھىجرىيە 391-يىلى نەسخ خەت نۇسخىسىدا يازغان ئايەتى كەرىم. ھازىر ئىرلاندىيەنىڭ دۇبلىن شەھىرىدىكى شىستىربىت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى بەۋابنىڭ خۇش خەت ئۇستازى ئەلى مۇھەممەد ئىبنى سەئىد، سەئىدنىڭ ئۇستازى بولسا ئىبنى مۇغەيرە ئىدى. ئىبنى مۇغەيرە ئىجاد قىلغان ھەم قېلىپلاشتۇرغان نەسخ، سۇلۇس خەت نۇسخىلىرى ئىبنى بەۋابنىڭ خەتتاتلىق قەلىمىدە يېڭى پەللىگە يېتىپ، ئەرەب خەتتاتلىقى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ھەم گۈزەللەشكەن. كېيىنكى كىشىلەر ئۇنى "خەتتاتلىق ئەۋلىياسى" دەپ ئاتىغان. ئىبنى بەۋاب ئۆمرىدە قۇرئان



3 - 38 - رەسىم: 1281 - يىلى (ھىجرىيە 685 - يىلى) خەتتات ياقۇت رەيھانى خەت نۇسخىسىدا يازغان ئايەتى كەرىم. ھازىر ئىراننىڭ تېھران مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

كەرىمنى 64 نۇسخا كۆچۈرگەن، ھىجرىيە 413-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋاپات بولۇپ، باغدادقا دەپنە قىلىنغان.

ياقۇت مۇستەئسىمنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇزەر جامالىددىن ياقۇت ئىبنى ئابدۇللا بولۇپ، ئۇ ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مۇستەئسىم بىللا دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب ۋە خەتتات. خەلىپىنىڭ ئىسمى مۇستەئسىم بولغاچقا، كېيىنكىلەر ئۇنى ياقۇت مۇستەئسىم دەپ ئاتىغان. ئۇ ئاببىاسىيلار سۇلالىسى خەلىپە مەدرىسەسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئىلىم، سەنئەت، تىلشۇناسلىق، شەرئەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئاچقان.

ياقۇت مۇستەئسىم ھاياتىنى خەتتاتلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان بولۇپ، ئىبنى بەۋۋابنىڭ خەتتاتلىق جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەكرار مەشىق قىلىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن، يازغان ھۆسنخەتلىرى جۇشقۇن، مەردانە، ئۆلچەملىك، چاسا ۋە يۇملاق ھەرپلىرى دەل جايىدا. ئۇ ئۆمرىدە قۇرئان كەرىمنى مىڭ نۇسخا كۆچۈرگەن بولۇپ، نۇرغۇن نۇسخىلىرى ئىستانبۇل مۇزېيىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ يەنە ياقۇت خەت نۇسخىسى دەيدىغان يېڭى ھۆسنخەت شەكلىنى ئىجاد قىلغان. كېيىنكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ "ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ پېشۋاسى" دەپ ئاتىغان.

خەتتاتلار بىردەك ئاببىاسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ مەشھۇر خەتتاتنىڭ ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ كاتتا پېشۋالىرى ئىكەنلىكىنى، ئىبنى مۇقلەنىڭ تۇنجى بولۇپ كۇفى خەت نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ نەسخ ۋە سۇلۇس خەت نۇسخىلىرىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، ئىبنى بەۋۋابنىڭ يېزىش قائىدىلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى بېكىتكەنلىكىنى، ياقۇت مۇستەئسىمنىڭ بۇ خەتلەرنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

## 27. تۈركىيەدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟


ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىستانبۇلدا خەتتاتلىق

www.uyghurkitap.com

مسلىسىز تەرەققىي قىلدى، نۇرغۇن تالانتلىق خەتتاتلار مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدى. ئىستانبۇل ئەينى زاماندا ئىمپېرىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى بولۇپلا قالماي، ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ مەركىزى ئىدى.


تۈركىيەدە ئۆتكەن داڭلىق خەتتاتلار:

**ھەمىد ھامىد** (1891ـ1982) بۇ تالانتلىق خەتتات مۇستاپا ئاكىف، مۇھەممەد نەجىپ، ھۇداد ئەپەندى قاتارلىق داڭلىق خەتتاتلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن خەتتاتلىق ماھارىتىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، كېيىنكىلەرگە نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇردى، ئۇ كۆچۈرگەن قۇرئان كەرىم 2006 ـ يىلى تۈركىيەدە نەشر قىلىندى.




3 - 39 ـ رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ھەمىد ھامىد يازغان جەللى سۇلۇس ۋە نەسخ خەت ئەسىرى. ''الجنة تحت اقدام الامهات'' (جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا).

ھەمدىنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى تولىمۇ چىرايلىق، سىپتا، تەكشى، كۆركەم، خەتلىرى تەبىئىي، ئوينىاق بولۇپ، ماھارىتى ۋايىغا يەتكەن، قەلىمى راۋان، قۇرۇلمىسى پۇختا ھەم مۇكەممەل.



3 - 40 ـ رەسىم: خەتتات ھەمدى يازغان پاراللېل جەللى سۇلۇس خەت ئەسىرى. بۇنىڭدا ﴿ انما يعمر مساجد الله من امن بالله و اليوم الاخر ﴾(ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ) {"تەۋبە" سۈرىسى، 18 ـ ئايەت} دېگەن ئايەت يېزىلغان. بۇ ھۆسنخەت ئەسلىدە ئىستانبۇلدىكى شىشلى مەسچىتىنىڭ ئىشىكىگە يېزىلغان. ھەمدى بۇ ئەسەرنىڭ باسما نۇسخىسىغا ئۆز قولى بىلەن "بۇ ئەسەر كامىلە باباغا تەقدىم" دەپ يازغان. كامىلە بابا سۈرىيەلىك داڭلىق خەتتات بولۇپ، 1988 ـ يىلى «ئەرەب خەتتاتلىقى جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرغان، ئۇنىڭ خەتتاتلىق ساھەسىدە تەسىرى چوڭ.


**سام ئەپەندى** (1838—1912) ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى داڭلىق خەتتاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تالانتلىق شاگىرتى مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز رەفائىي (1871—1934) يېتىشتۈرۈپ چىققان.




3 ـ 41 ـ رەسىم: سامى پارسچە خەت نۇسخىسىدا (تەئلىق خېتىدە) يازغان ئەسەر. ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ سۆزۈم سۈپىتىدە) ئېيتقىنكى، «ئى ئۆزىگە گۇناھلارنى ھەددىدىن ئارتۇق يۈكلىۋالغان بەندىلىرىم! سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە گۇناھنى (تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھنى) مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر...﴾ {"زۇمەر" سۈرىسى، 53 ـ ئايەت}.








3 - 42 ـ رەسىم: داڭلىق خەتتات سامىنىڭ ھۆسنخەتلىك ئىمزاسى


سامىنىڭ قەلىمى كۈچلۈك، چېكىت ۋە سىزىقلىرى ئېنىق، ئەسەرلىرى گۈزەل ھەم تەبىئىي.

**مۇھەممەد شەۋقى ئەپەندى** (1829 ــ 1887) ئۇ سۇلۇس ۋە نەسخ خەت نۇسخىسىغا بۇلەكچە مۇھەببەت باغلىغان، ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى خەت نۇسخىسىدا يازغان «شەۋقى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى» ناملىق رىسالىسى نەشر قىلىنىپ، "ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل ھۆسنخەت ئۆرنەكلىرى" دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ ئىستانبۇلدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھۆسنخەت ئۆگىنىشتە ئۇنىڭ رىسالىسىدىكى ھۆسنخەتلەرنى ئۆرنەك قىلىدۇ. شەۋقىنىڭ ھۆسنخەتلىرى كۆركەم، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ يازغان خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى چىرايلىق ھەم تەبىئىي، يېزىش ئۇسلۇبى ئۆلچەملىك ھەم تەرتىپلىك بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ تىك، توغرا ۋە تۈز، ئەگرى سىزىقچىلىرى ماسلاشقان، تەكشى ھەم گۈزەل.






3 - 43 ـ رەسىم: «شەۋقى ئەسەرلىرى» رىسالىسى



3 - 44 - رەسىم (72 - بەتتىكى رەسىم): خەتتات ھەسەن چەلەبى 1980 - يىلى يازغان سۇلۇس خەت ئەسىرى. ﴿ وجعلناكم شعوبا و قبائل لتعارفوا ان اكرمكم عند الله اتقاكم﴾ (ئى ئىنسانلار! ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر){"ھۇجۇرات" سۈرىسى، 13 - ئايەت} بۇ ئەسەر ھازىر ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا.

**ھەسەن چەلەبى** ئۇ 1937 - يىلى تۈركىيەنىڭ شەرقىدىكى ئەرزۇرۇم ۋىلايىتىنىڭ ئىنجى يېزىسىدا تۇغۇلغان، 10 ياشقا كىرگەندە تاغىسى يۈسۈپ تاشقا ئەگىشىپ قۇرئان كەرىمنى يادلىغان؛ 13 يېشىدا قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ، شۇ يەردىكى كىچىك ھافىزغا ئايلانغان؛ 1954 - يىلى ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، 1956 - يىلى دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، مۇئەززىنلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن؛ 1957 - يىلى سۇلۇس خەت نۇسخىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە باشلىغان، 1959 - يىلى دەلقا مۇھەممەد نەسۇخ ئەپەندى مەسچىتىگە ئىمام بولغان ھەمدە داڭلىق خەتتات نەجمىدىن ئەپەندىدىن خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن، كېيىن مۇستاپا ھەلىم ئۆز يازىچىنى

ئۇستاز تۇتقان، كېيىن يەنە داڭلىق خەتتات ھەمىد ھامىدقا شاگىرت بولۇپ، ئۇستازىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ ھەمىد ھامىدتىن 18 يىل خەتتاتلىقنى ئۆگىنىپ، ئۇستازى ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ”ئىجازەتنامە“ (ئەرەب خەتتاتلىقى شاھادەتنامىسى)گە ئېرىشكەن.




3 - 45 - رەسىم: ھەسەن چەلەبى 2007 - يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكلىك خەتتات مۇھەممەد مەندىگە بەرگەن ئەرەب خەتتاتلىقى شاھادەتنامىسى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، شاگىرتلار خەتتاتلىقنى كۆپ يىل جاپالىق ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ شاھادەتنامىسىنى ئۆزى يازىدۇ. ئاندىن ئۇستازى ئۇنىڭغا باھا يازىدۇ. بۇ شاھادەتنامىنىمۇ مۇھەممەد مەندى ئۆزى يازغان، ھەسەن چەلەبى ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى كاتەكچىگە باھاسىنى يازغان.

ھەسەن چەلەبىنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ تۈركىيەدىكى 20 نەچچە چوڭ جامە، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى 10 نەچچە داڭلىق جامەگە ھۆسنخەت يېزىپ بەرگەن، بولۇپمۇ مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى ۋە قۇببا مەسچىتى كېڭەيتىپ سېلىنغاندا، بۇ مەسچىتلەرگە نۇرغۇن ھۆسنخەت يېزىپ بەرگەن. ئۇ خەلقئارا ئەرەب خەتتاتلىقى مۇسابىقىسىنىڭ باھالىغۇچىسى قوشۇمچە تۈركىيە ئىستانبۇل تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت مەركىزى خەتتاتلىق بۆلۈمى خەلقئارا خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىنىڭ باھالىغۇچىسى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بار. يېقىرمۇ 2008-يىل 7-ئايدا ھەسەن مۇئەللىمنىڭ شاگىرتلىقىغا قوبۇل قىلىنغانىدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىردىنبىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ھەسەن مۇئەللىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدە ھەر بىر ھەرپىنى تولۇق، مەردانە، ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازىدۇ، قەلىمى ئەۋرىشىم، گۈزەل؛ ھەرپلىرى توق، كۆركەم، جەلپكار، زىچلىقى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىسى ماسلاشقان. ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى جۇشقۇن، تەبىئىي بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىستېتىك قىممىتىگە ئىگە.

**داۋۇد بەكتاش** ئۇ ھەسەن چەلەبىنىڭ غوللۇق شاگىرتى. 1963-يىلى تۇغۇلغان، 1982-يىلى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندىلا ھەسەن مۇئەللىمدىن ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1992-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، 1994-يىلى ھەسەن مۇئەللىمدىن سۇلۇس، نەسخ، رۇقئى خەت نۇسخىلىرى خەتتاتلىقى بويىچە ئىجازەتنامىگە ئېرىشىپ، ئەينى چاغدىكى تۈركىيە خەتتاتلىق ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان. داۋۇد باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تۈركىيەنىڭ پېشقەدەم خەتتاتلىرىدىن سام ئەپەندى، ھەمدىبەگ ۋە خەلقئارادىكى داڭلىق خەتتاتلارنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغان، كېيىن يەنە داڭلىق خەتتات بۇلفىسوردىن پارس ۋە دىۋانى خەت نۇسخىلىرىنى ئۆگەنگەن. داۋۇد ئەرەب خەتتاتلىقى ساھەسىدىكى يېڭى چولپان بولۇپ، ئىستانبۇل

www.uyghurkitap.com

خەلقئارا ئىسلام خەتتاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ جەللى سۇلۇس خەت تۈرىدە بىرىنچى بولغان، 1997 ـ يىلى تېھران ئىسلام سەنئەت كۆرگەزمىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، 20 نەچچە دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىسلام خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشقان، 2005 ـ يىلى كۇۋەيتتە ئۆزىنىڭ ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزگەن.



3-46 ـ رەسىم: داۋۇد بەكتاشنىڭ ئەسىرى. ﴿ وكل ذى علم عليم ﴾ (ھەر بىر بىلىمدارنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار بىرى بار)[''يۇسۇف'' سۈرىسى، 76 ـ ئايەت].

## 28. ئەرەب ئەللىرىدە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار ئۆتكەن؟

ئەرەب ئەللىرىدە مەشھۇر خەتتاتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەيلى تارىختا ياكى ھازىر بولسۇن ئۆزگىچە تالانتلىق مۇنەۋۋەر خەتتاتلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان.

**يۈسۈف ئەھمەد** ئۇ مىسىر پادىشاھى فەرۇقنىڭ خەتتاتلىق مەكتىپى ۋە ئەينى چاغدىكى مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇفى خەت


www.uyghurkitap.com

نۇسخىسى پىروفېسسورى، شۇنداقلا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باھالاپ بېكىتىش باش نازارەتچىسى بولغان. ئۇنىڭ كۇفى خەت ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى چىرايلىق، قەلەمدىن ھەرپلەرنىڭ تۈز ۋە تولۇق گۈزەللىكى چىقىپ تۇرىدۇ، خەتلەر سوزۇنچاق، پاراللېل، ئىستېرېئولۇق كىرىشتۇرۇلگەن بولۇپ، ھەرپلەر توم، ئويناق، جۇشقۇن، مەردانە ۋە نەپىس. ئۇ يازغان كۇفى خەت نۇسخىسىدىكى ھۆسنخەتلەر كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

**مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئابدۇللا** ئۇ 1917-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تۇغۇلغان.









3 - 47-رەسىم: ھىجرىيە 1357-يىلى يۈسۈف ئەھمەد مىسىر پادىشاھى فەرۇق I ئۈچۈن مەخسۇس يازغان ئەسەر بولۇپ، چوققىسىنى تاجغا ئوخشىتىپ لايىھەلىگەن.

ISLAMIC ART




3 - 48 - رەسىم: ئابدۇلقادىرنىڭ ئەسىرى، "محمد صلى الله عليه و سلم" (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم).



ئۇ يۇسۇف ئەھمەدنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر خەتتات، بولۇپمۇ كۇفى خەت نۇسخىسىدا ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئۇ يازغان فاتىمىيە كۇفى خەت نۇسخىسى كۇفى خەت نۇسخىسىنى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئەرەب ئەللىرىگە تارالغان. ئابدۇلقادىرنىڭ ئەسەرلىرى ئىجادىيلىققا باي، ھەرپلەر تەكشى ماسلاشقان، ناھايىتى سەلتەنەتلىك، نەپىس ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

**ھاشىم مۇھەممەد باغدادى(1921ـ1973)** ئۇ ئىراقلىق، باغداد سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، 1988-يىلى ئىراق ئەرەب گۈللىنىش كۇتۇپخانىسى ئۇنىڭ «ئەرەب خەتتاتلىقىدىن ئاساس» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان، بۇ كىتاب كېيىن ئەرەب سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مۇھىم دەرسلىك كىتابىغا ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com




3 - 49 - رەسىم: ھاشىم تۆزگەن «ئەرەب خەتتاتلىقىدىن ئاساس»تىن ئۈلگە



ئۇ سۇلۇس خەت نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان، يازغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارالغان. ئۇنىڭ قەلىمى تەكشى ھەم رەتلىك، خەتلىرىنىڭ شەكلى ماس ھەم مۇكەممەل، سىزىقلىرى تەكشى، ھەرپ ئۇستىخانلىرى تولۇق، قۇرۇلمىسى گۈزەل ھەم تەبىئىي، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆلچەملىك ھەم قائىدىلىك، ماھارىتى ۋايىغا يەتكەن.

**ھاجى مۇھەممەد بەيزاۋى دىلانى(1894—1967)** سۈرىيەلىك بۇ خەتتات پارس خەت نۇسخىسىدىكى ھۆسنخەت سەنئىتىگە پىششىق بولۇپ، داڭلىق خەتتات ھاشىم باغدادى مۇنداق دېگەن: ”بەيزاۋى خەتتاتلىقتا كامالەتكە يەتكەن، خەتلەرنى ناھايىتى ماھارەتلىك ۋە ئەركىن يازىدۇ، ئۇنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى شاملىقلار (سۈرىيەلىكلەر)نىڭ قەلبىگە كەشتىلەنگەن، ئۇ ئىرانلىقلارنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى گۈزەل ھۆسنخەتلەرنى يازدى.“



3 - 50 ـ رەسىم: بەيزاۋى دىلاننىڭ تەئلىق خېتىدە يازغان ئەسىرى. مەزمۇنى ﴿ ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى ﴾ {"نەھل" سۈرىسى، 78 ـ ئايەت}.



## 29. ھازىر باشقا دۆلەتلەردە يەنە قانداق مەشھۇر خەتتاتلار بار؟


ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى بىلەن ئەرەب خەتتاتلىقىمۇ ھەممە جايغا تارالدى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇن تالانتلىق خەتتاتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدىنىپ، چىرايلىق، نەپىس، تەبىئىي ۋە گۈزەل ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى يېزىپ، دۇنيا خەلقىگە ئۈچمەس مىراسلارنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ سەنئەتنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىدىغان يۈكسەك پەزىلىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى كېيىنكىلەرگە ئىلھام بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

دۇنيادا ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان مەشھۇر خەتتاتلار ناھايىتى كۆپ، تۈرى ھەر خىل، رەڭدار، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك، قەلىمى ئىنىق، خەتلىرى رەتلىك، ئىجادىيلىقى ئۆزگىچە ھەم يېڭى بولغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە پەقەت بىر ـ ئىككىسىنىلا مىسال كەلتۈرىمىز:


**تيەن جىياپېي**(1870 ـ 1944) ئۇ يۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تۇڭخەي ناھىيەسى شياخۇي كەنتىدىن؛ ئەرەب، پارس تىللىرىدا كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر ئاخۇن ھەم خەتتات؛ ئىككى قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ

قىلغان؛ كۈنمىڭ، شادىيەن، گۇاڭجۇنىڭ نەنشىڭلى قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە 40 يىل ئىمام بولغان؛ 1895-يىلىدىن باشلاپ 30 پارە قۇرئاننى كۆڭۈل قويۇپ كۆچۈرۈپ، كېيىن ئۇنىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسىنى بېسىپ چىققان، بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ياغاچ ئويما قۇرئاندۇر. ئاي-يىللاپ جاپالىق ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئىز چىقىپ قالغان. ئۇ قۇرئاننى ھەر بىر نۇسخا كۆچۈرگەندە "ئالدى ئۈچ قۇر، كەينى بەش قۇر"لۇق جۇڭگوچە قول يازما ئۇسلۇبىنى قوللانغان، خەتلىرى چىرايلىق بولۇپ، تىپىك جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەبچە خەتتاتلىق ئەسىرىدۇر.

كۇۋەيتلىك فەرىد ئابدۇرەھىم ئەلى، ئىرانلىق جالال رەسۇل، پاكىستانلىق راشىد پەتتا، ئامېرىكىلىق مۇھەممەد زەكەرىيا، فىرانسىيەلىك سالىھ مۇساۋى، ئەنگلىيەلىك ئەھمەد مۇستاپا، ياپونىيەلىك فۇئاد كوئىچى خوندا قاتارلىقلار زامانىمىزدا ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان مەشھۇر خەتتاتلاردۇر. ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتى ساھەسىدىكى بۇ ئاكتىپلار ھۆسنخەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشماقتا. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىمان-ئېتىقادى، بوشاشماي تىرىشىش روھى بىلەن خەتتاتلىق ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزمەكتە. بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرگەزمە زالى، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا كۆرگەزمىخانىسى، كۇۋەيتنىڭ چوڭ مەسچىتلىرى، شارجا خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزى دېگەندەك ئورۇنلاردا ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى ۋە سىياھ ئىزى قالدى، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ سەرخىل تالانت ئىگىلىرى، شۇنداقلا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر.




3 - 51-رەسىم: تىيەن جىياپىي كۆچۈرگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسى



3 - 52-رەسىم: كۇۋەيتلىك خەتتات فەرىد ئەلى يازغان تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىدىكى ھۆسنخەت. ئالتە تەرەپلىك چاچما رومبا بىلەن ئۈچ بۇشلۇق ئىستىرېئولۇق كۆرۈنۈش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاجايىپ كۆركەم شەكىل ھاسىل قىلىنغان.






3 - 53-رەسىم: پاكىستانلىق خەتتات راشىد پەتتا يازغان ھۆسنخەت. ﴿(ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ) «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى بولغان (ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا بەزىدە ۋەسۋەسە قىلىپ، بەزىدە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادەمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾["ناس" سۈرىسى]. بۇ ئەسەر يۈكسەك ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنى قۇرئاننىڭ نەسىھەت ۋە تەنبىھلىرىنى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئەستە تۇتۇشقا، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىققا ئۈندەيدۇ.

www.uyghurkitap.com




3 - 54 ـ رەسىم: ئىرانلىق خەتتات جالال رەسۇل تەئلىق خېتىدە يازغان ”فاتىھە“ سۈرىسى. ئەسەر بەئەينى يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرىدۇ، خەتلەر ئېقىندەك راۋان، بىر ـ بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن، بەزى ھەرپلەرنىڭ مۇبالىغە قىلىنىشى ۋە ئۆزارتىلىشى ئەسەرنى تېخىمۇ جەزبىدار، جەلپكار قىلغان.




3 - 55 ـ رەسىم: ئامېرىكىلىق خەتتات مۇھەممەد زەكەرىيا يازغان، 2001 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تارقاتقان ئەستىلىك پوچتا ماركىسىغا ئىشلىتىلگەن ھۆسنخەت ــ ”ھېيتىڭلارغا مۇبارەك“. مۇھەممەد زەكەرىيا 1983 ـ يىلى قاتارنىڭ دوھا سەنئەت مەكتىپىدە ئەرەب

خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن، ئەسەرلىرى ئامېرىكا، ئىسپانىيە، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان، ئۇ دۇنياغا داڭلىق خەتتات ھەسەن چەلەبىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇستازى بەرگەن شاھادەتنامىگە ئېرىشكەن.



3 - 56 ـ رەسىم: ئەنگلىيەلىك خەتتات ئەھمەد مۇستاپا لايىھەلىگەن ئەسەر ـ ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







3 - 57 - رەسىم: فرانسىيەلىك خەتتات سالىھ مۇساۋى يازغان ھۆسنخەت. مەزمۇنى:"ظاهر العتاب خير من باطن الحقد" (يۈزتۇرانە ئەيىبلەش كۆڭۈلدە ئۆچمەنلىك ساقلىغاندىن ياخشى). خەتلەر ئېسقىلىق يۈرەك شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، ئويناق، مەقسىتى ئوچۇق.




3 - 58 - رەسىم: ياپونىيەلىك خەتتات فۇئاد كوئىچى خوندا يازغان هۆسنخەت. فۇئاد 1969-يىلى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، دۇنياغا داڭلىق خەتتات ھەسەن چەلەبىگە شاگىرتلىققا كىرگەن ۋە شاھادەتنامە ئالغان. 1994-يىلى ئۇ 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدە تەئلىق خەت تۈرىدە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خونداننىڭ ئەسەرلىرى ئۆزگىچە، لايىھەلىنىشى ئالاھىدە بولۇپ، خەتتاتلىق بىلەن تەسەۋۋۇر ئەپچىل بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردە "ھەج" سۈرىسىنىڭ ﴿ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن زېمىننى يېشىللىقلارغا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ دېگەن 63—66-ئايەتلىرى يېزىلغان. ئەسەر يېڭىلىققا باي، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، خەتلەر نەپىس، قەلەم ئوينىتىشى مەردانە، تەسەۋۋۇر چوڭقۇر بولۇپ، ھەممىسى بىرلىشىپ ئاجايىپ ھەيۋەت بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىك ئادرېسى

## 30. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقى دېگەن نېمە؟

ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشتى، تىرىشچان، شىجائەتلىك، تەقۋادار، ئەقىللىق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك ھاياتىدا ماددىي بايلىق يارىتىپلا قالماستىن، مەنىۋى ئوزۇقىنىمۇ بېيىتىپ، مۇنەۋۋەر ئىسلام مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى بېيىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب خەتتاتلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، مىللەتنىڭ روھى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، خەتتاتلارنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلدى.




ئىسلام دىنى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەرەب خەتتاتلىقى ئىجادىيىتىدە جۇڭگوچە خەتتاتلىقنىڭ بەزى ماھارەتلىرى ۋە شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە خەتتاتلىق سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى،

3 ـ 59 ـ سۈرەت: جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقى ئەسرى ـــ تەسمىيە ۋە كەلىمە شاھادەت

بىز بۇنى ”جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەرەبچە خەتتاتلىقى“ دەپ ئاتايمىز (قىسقارتىلىپ ”جۇڭگوچە خەت شەكلى“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بەزىلەر ”كونا خەت شەكلى“ دەپمۇ ئاتايدۇ).

## 31. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟


جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقىنى بەزىلەر ”كونا خەت شەكلى، دۇئا، قۇرئان خېتى“ دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئۇ خەتتاتلىق قەلەمگە ئاساسەن قاتتىق قەلەم نۇسخىسى، يۇمشاق قەلەم نۇسخىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قاتتىق قەلەم نۇسخىسى بامبۇك قەلەم، ياغاچ قەلەم، قومۇش قەلەم قاتارلىق قاتتىق قەلەملەردە يېزىلغان ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى



3 - 60 - رەسىم: مى گۇاڭجياڭ يازغان خەنزۇچە خەت تەقلىدىدىكى ھۆسنخەت. ﴿ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾[”بەقەرە“ سۈرىسى].

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
كىتاب تور بېكىتى

كۆرسىتىدۇ؛ يۇمشاق قەلەم نۇسخىسى يۇمشاق نەرسىلەردىن ياسالغان موي قەلەم، تالالىق قەلەم قاتارلىقلاردا يېزىلغان ھۆسنخەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. رايونغا ئاساسەن جەنۇب، شىمال ۋە غەربتىن ئىبارەت ئۈچ ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ؛ خەت نۇسخىلىرىغا ئاساسەن خەنزۇچە خەت تەقلىدىدىكى خەت نۇسخىسى، چوڭ خەت نۇسخىسى، تۇمار خەت نۇسخىسى، قۇرئان خېتى، ئويما خەت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. يىقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو-ئەرەب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يەنە كاتىبات خەت شەكلىگە ئوخشايدىغان يىڭى خەت شەكلى، سۇلۇس خەت نۇسخىسىغا ئوخشايدىغان تەقلىدىي سۇلۇس خەت شەكلى مەيدانغا كەلدى؛ بەلگە شەكلىگە ئاساسەن ساراي شەكىللىك خەت، لەۋھە خېتى، تىك خەت، ئاسما خەت، يەلپۈگۈچ خەت، مەسنەۋى خەت شەكىللىرىگە بۆلۈشكە بولىدۇ؛ ئىپادىلەش سەنئىتىگە ئاساسەن مۇبالىغە شەكلى، بۆلۈنمە شەكلى، راست-يالغان شەكىل، ئەگمە شەكىل، تۇم-ئىنچىكە شەكىل، ئۆزگەرتمە شەكىل، ئاربىيەت شەكلى، ئىستىرېئولۇق شەكىل، قاتلىما شەكىل قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ يېزىش شەكلىگە ئاساسەن ئۇزۇن، چاسا، يۇملاق، قىرلىق، يەلپۈگۈچسىمان، ئۈچ بۇرجەك، كۆپ تەرەپلىك، گۈلسىمان، مېۋىسىمان، زىننەت بۇيۇمى قاتارلىق شەكىللەرگە



3 - 61 - رەسىم: مى گۇاڭجياڭ يازغان جۇڭگوچە ساراي شەكىللىك ھۆسنخەت —"يا رحمن" (ئى مېھرىبان ئاللاھ)

بۆلۈندۇ. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى بىر پارچە ئېسىل ئەرەبچە ھۆسنخەتتە ھەرپلەرنىڭ ئالدى-كەينى، يۇقىرى-تۆۋىنىنىڭ ماسلىشىشىغا، خەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە، قەلەمنىڭ جۇشقۇن-مەردانىلىكىگە، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ۋە ئۆزگىچە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولىدۇ. يازغاندا خەتلەر ئىنچىل، قاتلاملىرى ئېنىق، ئۇستىخانلىرى سىلىق، ئىستېرېئولۇققا باي، رىتىمى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقى جۇڭخۇا سەنئىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىنىڭ جەۋھىرى، كۆپلىگەن پېشقەدەم سەنئەتكارلار كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن رەڭدار گۈل. ئۇنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، سىزىقلىرى دولقۇندەك ئەۋرىشىم؛ ئۇ ئۆزىدە يوشۇرۇن مەنە، گۈزەل تەسەۋۋۇرنى مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىدىكەن، رەڭدارلىقىنىمۇ يوقاتقان بولىدۇ، سەنئەت تىلى كىشىلەرگە سەنئەتكارنىڭ خاراكتېرى ۋە قىزىقىشىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكى، روھىي قىياپىتى ۋە ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن، ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈش

### 32. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىمنى قانداق كۆچۈرگەن؟

قۇرئان كەرىمنىڭ جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا كۆچۈرۈلگەن قول يازمىسى دۇنيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى ۋە تارىخي


www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقىدۇر. جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئەرەبچە ھۆسنخەت شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن قۇرئان كەرىمنىڭ خېتى سۇلۇس خېتىنىڭ رەيھانى خەت نۇسخىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ، خېتى رەتلىك، قەلىمى راۋان ھەم جۇشقۇن. ئۇنىڭغا ئەنخۇيدىن چىقىدىغان شۆەنزى قەغىزى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇزاق چىدايدىغان، چۈرۈكلەشمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. خەت يازغاندا تۇم قارا، ئاسانلىقچە ئۆچمەيدىغان، خەت يېزىشقا قولايلىق جۇڭگو سىياھى ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭغا كۆپىنچە خەتتاتلار ئۆزى ياسىۋالغان قومۇش قەلەم ياكى موي قەلەم ئىشلەتكەن. قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرگەندە چوقۇم تاھارەت ئېلىش، نىيەت قىلىش، ئاندىن دۇئا ئوقۇش كېرەك، ھەر قېتىم كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال قول يۇيۇش، ئىخلاس باغلاش، بۇ ئىشنى بىر ئىبادەت بىلىپ ئەستايىدىل قىلىش كېرەك. بەزىدە قۇرئاننى تولۇق كۆچۈرۈپ بولۇشقا ئۈچ يىل كېتىدۇ، كۆچۈرۈپ بولغاندا ئۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ”قۇرئاننى تاماملاش“ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.



## 33. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى كۆچۈرگەن قۇرئان كەرىمنىڭ شەكلى ۋە زىننەتلىنىشىدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟


قۇرئان كەرىمنىڭ جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەر بىر پارە ئايرىم كىتابچە قىلىنغان، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىمۇ بار، ئەمما بىر پۈتۈن نۇسخىسى بەك ئاز. مۇقاۋىسىغا كۆپىنچە ئاشلانغان كالا تېرىسى ياكى كۆك ماتا (باشقا رەڭدىكىلىرىمۇ بار) ئىشلىتىلىپ، قولدا تۈپلەنگەن، بەتلىرى رەتلىك ھەم پاكىز. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ھەرپلەرنىڭ تاۋۇش بەلگىلىرى قارا رەڭدە كۆچۈرۈلگەن بولسا، تەجۋىد قائىدىسى ۋە ئىككى ئايەتنىڭ ئارىسىغا قىزىل بەلگە سېلىنغان، ئايەتلەر ئارىسىغا كېيىنەك قانىتىغا ئوخشايدىغان”结“ خېتى بەلگە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن، بۇ ئۇنىڭغا ئاھاڭداش خەت ”节“ نىڭ ئورنىدا قوللىنىلىپ، بىر ئايەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.



3 ـ 62 ـ رەسىم: ئۈچ قۇردىن كۆچۈرۈلگەن قۇرئان

قول يازمىلارنىڭ خەت ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئايەتلەردە ئايرىم كەلگەن ۋە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن و، م، ر ھەرپلىرىنىڭ قۇيرۇقى سوزۇپ يېزىلغان؛ ئايەتلەردە ئايرىم كەلگەن ۋە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ن ھەرپىنىڭ ئۈستىدە كەلگەن ي، ق، ن، ل ھەرپلىرىنىڭ قۇيرۇقى سوزۇپ يېزىلغان؛ ئايرىم كەلگەن ۋە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ب، ت، ث ھەرپلىرى ۋە ف ھەرپىنىڭ قۇيرۇقى سوزۇپ يېزىلغان؛ ع ح ھەرپلىرىنىڭ قۇيرۇق ئەگمىسى چوڭراق يېزىلغان.





ھەر بىر پارە بىر كىتابچە قىلىنغان قۇرئان كەرىم "ئالدى ئۈچ قۇر، كەينى بەش قۇر" شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن، يەنى ھەر بىر پارە قۇرئاننىڭ ئالدىنقى ئىككى بېتى ئۈچ قۇردىن، كەينىدىكى ئايەتلەر بەش قۇردىن كۆچۈرۈلگەن. بەزىدە قۇرئان ۋاراقلىرى يىرتىلىپ يىتىپ كەتكەندە

3 ـ 63 ـ رەسىم: بەش قۇردىن كۆچۈرۈلگەن قۇرئان

www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر پارىنىڭ ئاخرقى بېتى ئىككى پاكى ئۈچ بەت ئارتۇق كۆچۈرۈلگەن. پارىلەر ئايرىم كىتابچە شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ خېتى چوڭ، ئېنىق بولۇپ، ئوقۇشقا قولايلىق. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا مەسچىت ئاخۇنلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدىغان ئادەت بار، شۇڭا ئايرىم كىتابچە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بىر پارىنى بىردا ئېلىۋېلىش ھەم قولايلىق. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 19 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ كۆچۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم "ئالدى 9 قۇر، كەينى 11 قۇر" شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن، يەنى ئالدىدىكى ئىككى بەت 9 قۇر، كەينىدىكى ئايەتلەر 11 قۇر كۆچۈرۈلگەن. قۇرئاننىڭ قول يازما نۇسخىسىنىڭ خېتى ئېنىق، رەتلىك، چوڭ-كىچىكلىكى مۇۋاپىق، ھەرپ ۋە بەلگىلەر ناھايىتى روشەن، قۇرۇلمىسى تەكشى ھەم چىرايلىق بولۇپ، باشقىچە بىر خىل گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا قۇرئاننى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە تەقۋالىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن قول يازمىلىرىدا كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئىسمى ۋە كۆچۈرگەن ۋاقتى يېزىلمىغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت قول يازمىنىڭ رەڭگى، سىياھ ئىزى ۋە سىرتقى شەكلىگە قاراپلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. بەزى كۆچۈرگۈچىلەر قۇرئان كەرىم مۇقەددەس كىتاب، ئاللاھنىڭ سۆزى، شۇڭا ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا ھېچنېمە يازغىلى بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازمىغان.


قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى قول يازمىلىرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بېتىگە ئالتۇندىن ھەل بەرگەن نەقىشلەر ئىشلەنگەن بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، نەقىشلىرى ئىنتايىن نەپىس ۋە گۈزەل. قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى قول يازمىلىرى جۇڭگوچە موي قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، خەتلىرى سىلىق، يۇمىلاق ھەم ئويناق، قۇيرۇقلىرى نەپىس، توم-ئىنچىكىلىكى روشەن، كۆرۈنۈشى تەكشى ھەم چىرايلىق.

92

ئىسلام دىنى يىپەك يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا تارالغان بولۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ساقلاپ، ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. يېقىندىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، تەلەپپۇزى، گىرامماتىكىلىق قائىدىلىرى ھەمدە كىلاسسىك دىنىي ئەسەرلەرنى ئىستېمىللىق ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ھەپتىيەك»، «ئىمان» رىسالىلىرى، «خەتمىقۇرئان»، «نىيەت» قاتارلىق كىتابچىلەرنىڭمۇ قول يازما نۇسخىلىرى بار.






صالحا فلهم اجرهم عند ربهم ولا خوف عليهم ولاهم يحزنون
واذ اخذنا ميثاقكم ورفعنا فوقكم الطور خذوا ما آتيناكم
بقوة واذكروا ما فيه لعلكم تتقون ثم توليتم من بعد
ذلك فلولا فضل الله عليكم ورحمته لكنتم من الخاسرين
ولقد علمتم الذين اعتدوا منكم في السبت فقلنا لهم كونوا قردة
خاسئين فجعلناها نكالا لما بين يديها وما خلفها وموعظة
للمتقين واذ قال موسى لقومه ان الله يامركم ان تذبحوا بقرة
قالوا اتتخذنا هزوا قال اعوذ بالله ان اكون من الجاهلين
قالوا ادع لنا ربك يبين لنا ما هي قال انه يقول انها بقرة لا فارض
ولا بكر عوان بين ذلك فافعلوا ما تؤمرون قالوا ادع
لنا ربك يبين لنا ما لونها قال انه يقول انها بقرة صفراء فاقع

3 - 64 - رەسىم: 11 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن قۇرئان

1932-يىلى جۇڭگونىڭ مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىمى ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇن قۇرئان كەرىمنى تۇنجى قېتىم خەنزۇچىغا تولۇق تەرجىمە قىلدى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مۇشۇ ۋاقىتتىلا قۇرئان كەرىمنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆرەلىدى، ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇن تەرجىمە قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.


بسم الله الرحمن الرحيم
الحمد لله رب العالمين الرحمن الرحيم مالك يوم
الدين اياك نعبد واياك نستعين اهدنا الصراط المستقيم
صراط الذين انعمت عليهم غير المغضوب عليهم ولا الضالين
امين
بسم الله الرحمن الرحيم
الم ذلك الكتاب لا ريب فيه هدى للمتقين الذين يؤمنون
بالغيب ويقيمون الصلوة ومما رزقناهم ينفقون والذين
يؤمنون بما انزل اليك وما انزل من قبلك وبالاخرة

3 - 65 - رەسىم: توققۇز قۇردىن كۆچۈرۈلگەن قۇرئان

## 34. خەتتاتلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق كۆچۈرۈشمىدى؟

﴿ بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان بۇ كىتاب ئەرەبچە قۇرئاندۇر ﴾ [ "فۇسسىلەت" سۈرىسى، 3-ئايەت].

شۇنداق، ئەرەبچە ھۆسنخەت يازىدىغان خەتتاتلارنىڭ ھەممىسى





ISLAMIC ART


قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈشنى ئۆمۈرلۈك مەقسەت قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن، ھەتتا بەزىلىرى خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقستى قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈش دەپ قارىغان ھەمدە بۇنى بىر ئىبادەت قاتارىدا ئورۇنلىغان.

قۇرئان كەرىم دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئۇلۇغ كىتابى، شەرىئەت تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى، ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان نۇرلۇق مەشئەل؛ قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 23 يىلدا تەدرىجىي نازىل قىلىنغان. قۇرئان كەرىم جەمئىي 30 پارە بولۇپ، (مەدىنە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە) 114 سۈرە، 6211 ئايەتتىن تەركىب تاپقان، مەككىدە 86 سۈرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن 28 سۈرە نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى شۇ يەردىكى ساھابىلىرىگە يەتكۈزگەن ۋە خەت يازالايدىغانلىرىنى دەرھال خاتىرىلىۋېلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى مەخسۇس خاتىرىلەيدىغان بىر نەچچە كاتىپى بار ئىدى.


خەتتاتلار قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ماھارەتلىك خەتتاتلار مەيدانغا كەلگەن. بەزىلىرى قۇرئان كەرىمنى ئون-نەچچە قېتىم كۆچۈرۈش بىلەنلا ئۆتكەن بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن نەپىس نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ چىققان؛ بەزىلىرى گۈزەل ئىسلامىي نەقىشلەرنى ئىشلىتىپ، قۇرئان بەتلىرىنى بېزىگەن؛ بەزىلىرى قۇرئان بەتلىرىنى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەپ، ئۆزىنىڭ سەممىي ئېتىقادى، قۇرئان كەرىمگە بولغان ھۆرمىتى ۋە قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈشتىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

﴿ بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ ﴾ [''ئىسرا''سۈرىسى، 9-ئايەت].

www.uyghurkitap.com




3 - 66 ـ رەسىم: ھەمدى ھامدى كۆچۈرگەن قۇرئان



سُورَةُ الإِخلَاصِ ٦٠٤

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ ۝ اَللّٰهُ الصَّمَدُ ۝ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ۝ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا اَحَدٌ ۝

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ ۝ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ ۝ وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ اِذَا وَقَبَ ۝

وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ ۝ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ اِذَا حَسَدَ ۝

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ ۝ مَلِكِ النَّاسِ ۝ اِلٰهِ النَّاسِ ۝

مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ ۝ اَلَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ ۝

مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ ۝

3 - 67 ـ رەسىم: مۇھەممەد شەۋقى ئەپەندى كۆچۈرگەن قۇرئان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى









تۆتىنچى باب

# ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى

مۇسۇلمانلار بۇدقا چوقۇنمىغاچقا، سىزما رەسىملەردە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا نەققاشلىق ئىسلام سەنئىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى تۇرمۇش ۋە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەنئەتكارلار چېۋەر قوللىرى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە تەبىئەتتىن ئالغان چوڭقۇر تەسىراتىنى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۈرلۈك مىللىي سەنئەت ئىجادىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى؛ نەقىشلەرنى قۇرئان خەتتاتلىقىغا، ئۆز ئەسەرلىرىگە ۋە مەسچىت بېزەكچىلىكىگە ئىشلەتتى؛ بۇ ئىككى سەنئەت ئارقىلىق ئىسلام ھۈنەر-سەنئىتىنى بېيىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ ئۆزگىچە گۈزەل سەنئىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت-سەنئەت بېغىدىن ئورۇن ئالدى.



4-1-رەسىم: نەقىشلىك "تەسمىيە"



4- 2 ـ رەسىم: پارسلارنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى سىزىقچىلەرنى ئاساس قىلىدىغان ئەۋرىشىم سەنئەت بولۇپ، ئۇنى مۇستەقىل بېزەك قىلىشقىمۇ، ئەرەب خەتتاتلىقى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنداق سىزىقچىلەر قاتلاملىق مەنىلەرگە، گۈزەل تەسەۋۋۇر ۋە قايناق ھېسسىياتقا تويۇنغان بولۇپ، كىشىنى گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ

ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەن ۋە دۇنيادىكى ھەممە مىللەت دىگۇدەك ئۇنى قوبۇل قىلغان.

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى ئەرەب سەنئىتى تۇپرىقىدىن ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىدا مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولدى؛ ئاجايىپ نەمۇنىلەر بارلىققا كېلىپ، روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە ئېستېتىك قاراشلار مەيدانغا كەلدى؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشى ۋە زوقلىنىشىغا سازاۋەر بولدى.

## ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئالاھىدىلىكى


### 35. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق بارلىققا كەلگەن؟

دۇنيادىكى ھەر قانداق سەنئەت ۋە سەنئەت تىلىنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بولىدۇ، شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل ياكى رەسىم بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۇسلۇبى، شەكلى، رەڭگى ۋە رىتىمى بولىدۇ. ئەمما، يەنىلا مەلۇم ئېستېتىك قاراشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى تاۋلاپ، ئۇلارنىڭ مول تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىنى يېتىلدۈرۈشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلىدۇ. نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ.


ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ سەنئەت ئۆلچىمى ئاساسى دىنىي ئەقىدە ۋە شەرىئەت مىزانلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىسلام ئېتىقادى ئىسلام سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تامغىلارنى باسقان بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدۇ، بەزى دىنلاردىكى سەنئەت ئۆزلۈك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى

سىزغان رەسىم ياكى ياسىغان ھەيكەللەرگە چوقۇنىدۇ، سەجدە قىلىدۇ، ئەمما ئىسلام دىنى ھەر قانداق شەكىل ۋە ئوبرازغا چوقۇنۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار پەقەت سەنئەت بۇيۇملىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى بېيىتىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئۇلار شەرىئەتكە ئۇيغۇن شەكىل ۋە نەقىشلەر بىلەن قۇرئان مۇقاۋىسىنى زىننەتلەيدۇ، ساپال بۇيۇملىرىغا چىرايلىق نەقىشلەرنى سىزىدۇ، ئالتۇن بۇيۇملىرىغا زىننەت بېرىدۇ، بولۇپمۇ مەسچىتلەرنى ھەر خىل گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەيدۇ. ئوردا-قەسىر ۋە ئۆي-ئىمارەتلەردىكى نەقىشلەر ئىسلام سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ.





4- 3-رەسىم: 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇز سىزىشنىڭ ئۇرنىكى. ئاۋۋال چەمبەر ئالتە تەڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئاندىن تۈز سىزىقلار بىلەن تەرتىپلىك تۇتاشتۇرۇلىدۇ.




4-4-رەسىم: 1313-يىلى ئىرانلىقلار سىزغان نەقىش. بۇ نەقىش ئەسلىدە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقاۋىسىغا سىزىلغان بولۇپ، ئۆسۈملۈك نەقىش بىلەن گېئومېتىرىيەلىك نەقىش بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن. نەقىش تولىمۇ چېۋەرلىك بىلەن نەپىس ھەم كۆركەم سىزىلغان.

632 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم ﴾ {"مائىدە" سۈرىسى 3 ـ ئايەت} دەيدۇ. ئىسلام دىنى ئىناقلىق ۋە باراۋەرلىكنى ئۇلۇغلايدۇ، كىشىلەرنى خاتىرجەم ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىلەرنى ئالىيجاناب، پاك، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەر زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقتى، نۇرغۇن قەبىھ ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، بۇت ـ سەنەملەرنى چېقىپ تاشلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن چاھارىيار خەلىپىلەر سۈرىيە ۋە مىسىرنى ئۆز تەۋەلىكىگە قوشتى، ئاندىن ئىراق، ئىراننى ئازاد قىلىپ، ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. 8 ـ ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيەسى شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيەگىچە كېڭەيدى.

ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، سەنئەتكە ۋە گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈش ئىسلام سەنئىتىنى راۋاجلاندۇردى.






4 ـ 5 ـ رەسىم: ئۆسۈملۈك نەقىشى چىقىرىلغان كۇفى ھۆسنخەت. مەزمۇنى: ﴿ و أن المساجد لله فلا تدعو مع الله أحدا ﴾(ھەقىقەتەن مەسچىتلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا بىر كىمنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلماڭلار) {"جىن" سۈرىسى، 18 ـ ئايەت}.

## 36. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق ئىدى؟

تۆت خەلىپىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ پايتەختنى مەدىنەدىن ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىگە كۆچۈردى، كۇفە ئەرەب خەتتاتلىقىدىكى كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ بۆشۈكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۆز قولى بىلەن قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرگەن ھەم خەتتاتلارنى قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەنىدى. بەزىلەر ئەرەب كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىسلام نەققاشلىقىغا ئاساس سالغان، دېيىشىدۇ. دەسلەپتە خەتتاتلار ئاددىي كۇفى خەت نۇسخىسىنى پەقەت قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈش ئۈچۈنلا قوللانغان ھەمدە ئاددىي نەقىشلەرنى قۇرئان كەرىم مۇقاۋىسىغا ئىشلەتكەن؛ بەزىلەر بولسا ئاددىي نەقىشلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك بۇيۇملىرى ۋە خەنجەر قاتارلىق تۈمۈر ئەسۋابلارنى زىننەتلەشكە ئىشلەتكەن.




661-يىلىدىن 749-يىلىغىچە، يەنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان قۇرغان ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 749-يىلى ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملاشقانلىقتىن، نەققاشلىق سەنئىتىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىردى، بولۇپمۇ 969-يىلى

4- 6-رەسىم: دۇنياۋىدىن مۇھەممەد يازغان ھۆسنخەتلىك نەقىش. مەزمۇنى: و النحل باسقات لها طلع نضيد رزقا للعباد و أحيينا به بلدة ميتا كذالك الخروج﴿ ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈردۇق. بۇلارنى بەندىلەرگە رىزىق قىلىپ بەردۇق، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر﴾ [''قاف'' سۈرىسى، 10-، 11-ئايەت].

www.uyghurkitap.com

مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە قۇرۇلغان فاتىمىيە سۇلالىسى ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى تەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولدى، سەنئەتكارلار مەسچىت ئىمارەتلىرىگە كۆپلەپ نەقىش ئىشلىتىپ، ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەييۇب سۇلالىسى، مەملۇك سۇلالىسى، ئىسپانىيەدىكى ئەندەلۇس خانلىقى، تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى تېخىمۇ گۈللەندى ۋە تاكامۇللاشتى.



4 ـ 7 ـ رەسىم ھۆسنخەتلىك نەقىش. ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسمى "الله" تەكرار يېزىلىپ، ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك زات ئىكەنلىكى مەدھىيەلەنگەن.






بۇ سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى مۇسۇلمانلارنى سەزگىلى بولىدىغان گۈزەل دۇنياغا يېقىنلاشتۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە بېيىتتى. سەنئەتنىڭ يۈكسىلىشى كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، كېيىنكىلەرگە ئەرەبلەرنىڭ مول مىللىي سەنئەت گۆھەرلىرىنى قالدۇردى.

## 37. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

ئىسلام نەققاشلىقى ھۆسنخەتلىك نەقىش، گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ۋە ئۆسۈملۈك نەقىشى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.



4 ـ 8 ـ رەسىم: گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ــ 12 يۇلتۇز شەكىللىك نەقىشنى سىزىش ئۇسۇلى




ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى دەسلەپتە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى زىننەتلەشتىن، يەنى خەتتاتلىق سەنئىتىدىن كېلىپ چىققان، مەسچىتلەرنى بېزەش داۋامىدا تەرەققىي قىلغان، كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دىنىي بۇيۇملىرى، شۇنداقلا ئوردا-قەسىر ۋە ئۆي بېزەكچىلىكى قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيگەن. ئەرەب خەتتاتلىقى بىلەن ئىسلام نەققاشلىقى بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى پارلاق سەنئەت ئىسلام سەنئىتىنىڭ روھى ۋە نېگىزىدۇر. ئۇزاق مۇددەت چۆل-جەزىرىدە ياشاپ سېخىي، كەڭ قورساق، مەرد پېشخىسلىق نى يېتىلدۈرگەن ئەرەبلەر "مۇرەككەپ" سەنئەت شەكىللىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، مول ئېستېتىك تۇيغۇغا ئىگە؛ ئۇلار قۇپقۇرۇق، ئاددىي شەكىللەرنى ياقتۇرمايدۇ، شۇنداقلا سەنئەت ساپاسى بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، گۈزەل سەنئەت ئارقىلىق ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ھۆسنخەتلىك نەقىش:** مۇسۇلمانلار دەسلەپتە سالماق ھەم چىرايلىق كۇفى خەت نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرگەن. كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، يوپۇرماق شەكىللىك كۇفى خەت نۇسخىسى، گۈل شەكىللىك كۇفى خەت نۇسخىسى، گۈل بەرگى شەكىللىك كۇفى خەت نۇسخىسى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ مىسىر فاتىمىيە سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلىقلاردا ھۆسنخەتلىك نەقىش سەنئىتى تېخىمۇ گۈللەندى. گۈل پورەك نۇسخىسى كۇفى خەت نۇسخىسىنىڭ ئاددىي شەكلىنى جانلاندۇرۇپ، ئەگرى سىزىق بىلەن تۈز سىزىقنى، توم سىزىق بىلەن ئىنچىكە سىزىقنى تەڭكەش بىرلەشتۈرۈپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، خەتلەرنى تېخىمۇ چىرايلىق ۋە تەكشى تۇسكە كىرگۈزدى؛ ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى مەردانە، توق، جانلىق ھالەتكە ئېلىپ كىردى.


**گېئومېترىيەلىك نەقىش:** بۇ بىر نەچچە گېئومېترىيەلىك شەكىلدىن تۈزۈلگەن نەقىشنى كۆرسىتىدۇ. گېئومېترىيەلىك نەقىش ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى شام رايونىدا ئىشلىتىلگەن، بولۇپمۇ سۇرىيەدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان. بۇنىڭدا سىزغۇچ ۋە سىركۇللاردىن پايدىلىنىپ سىزىلغان چىرايلىق شەكىللەر ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلمىسى گۈزەل نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ. تۆت چاسا، يۇمىلاق، بەش بۇرجەكلىك، ئالتە بۇرجەكلىك، سەككىز بۇرجەكلىك ۋە ئون بۇرجەكلىك يۇلتۇز شەكىللىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللەردۇر. گېئومېترىيەلىك نەقىش ھەر خىل مۇرەككەپ سىزىقلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇشى، سىپتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ مول گېئومېترىيەلىك بىلىمى ۋە ئالاھىدە تەسەۋۋۇر كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئىسلام نەققاشلىقىدىكى گېئومېترىيەلىك نەقىش دۇنيانىڭ غايەت زور سەنئەت بېغىدا ئەڭ بۇرۇن گېئومېترىيە ئىلمى قوللىنىلغان نەققاشلىق سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆسۈملۈك نەقشى:** تەبىئەت دۇنياسى ھەر خىل ئۆسۈملۈك ۋە رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان، ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى ھاياتىي كۈچكە

تولغان ئۆسۈملۈكلەردىن مول تەسەۋۋۇرغا، ئۇنىۋېرسال ئىجادىيەت كۈچىگە ئېرىشىپ، ئۆزىگە خاس گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن ئۇلارنى تەسۋىرلەيدۇ.



4 - 9 - رەسىم: گېئومېترىيەلىك نەقىش



4 - 10 - رەسىم: 1310 - يىلى كۆچۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ ئىچ مۇقاۋىسىغا سىزىلغان ئۆسۈملۈك نەقىشى. ئىراقنىڭ موسۇل شەھىرىدىن تېپىلغان ئەسلى نەقىشنىڭ تۆت تەرىپىدىكى سايە چۈشۈرۈلگەن ئالتە بۇرجەكلىك قىسمىنىڭ كۆك تەگلىكىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە بۇرجەكنىڭ قىزىل تەگلىكىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، چۆرىسىگە ئالتۇن رەڭ ۋە سۇس يېشىل رەڭ بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى









4 ـ 11 ـ رەسىم: ئۆسۈملۈك نەقشى. ئەسلىي نەقىش ئىبنى بەۋاب كۆچۈرگەن مىڭ يىللىق قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسىغا سىزىلغان، بەزى گۈل نەقىشلىرى مىسىرنىڭ لەيلىقازاقلىرىغا، بەزىلىرى ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ؛ بۇ خىل نەقىش سىزىش ئۇسۇلى كېيىن ئىسلام نەققاشلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.


ئەرەبلەر تەبىئەتتىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى ۋە گۈللىرىنىڭ شەكىللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ھەم تەھلىل قىلىپ، ئاددىي گۈل ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئابستراكت ھەم سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن رىتىملىق، تەكرار تىزىپ، كۆركەم ھەم سىپتا، يوپۇرماق شەكلى جانلىق، سىزىقلىرى رىتىملىق گىرەلەشتۈرۈلگەن، قۇرۇلمىسى تەكشى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەبىئىي، نەپىس ۋە مەردانە، شەكلى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈك شەكىللىرىنى ھاسىل

قىلغان. ئاندىن ئۇلارنى پاراللېل كەلتۈرۈش، ئۈزارتىش، تارتىش، رەتلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ھەر خىل نەقىشلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشىتىش، باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش، مەنە يۈكلەش، سىمۋوللاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، سەنئەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىمۇ كۆپلىگەن تۈرلەر مەيدانغا كەلدى. فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى، مەغرىب، ئەندەلۇسىيە، پارس، ئوسمان ئىمپېرىيەسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. 13 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىرانغا تارقالغان ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى



4 ـ 12 ـ رەسىم: تەكرار يېزىلغان "بىسم السلام، الملك" (تىنچلىق بەرگەن، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)



ISLAMIC ART

4 ـ 13 ـ رەسىم: تەسمىيە. ئۈستىدىكىسى تەكرار بېزىلغان ھۆسنخەتلىك نەقىش.

چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇملاردا جۇڭگو سەنئىتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنى تەسۋىرلەشتىن كېلىپ چىققاچقا، رەڭلەرمۇ بۇ خىل نەقىشكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، مۇسۇلمانلار بېزەك ئېھتىياجى ۋە تەبىئىي رەڭلەرگە بولغان تۇيغۇسىغا ئاساسەن رومانتىك تۇسكە ئىگە نۇرغۇن رەڭلەرنى ئىجاد قىلىپ، نەقىشلەرنى تېخىمۇ كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس، ھەشەمەتلىك، رەڭدار، كىشىلەرنى خىيالىي دۇنياغا غەرق قىلىدىغان تۇسكە كىرگۈزگەن.



## 38. ھۆسنخەت نەقىشلىرىدىكى نۇسخىلاش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

نۇسخىلاش سەنئىتى مۇسۇلمانلار ياخشى كۆرىدىغان سەنئەت، چۈنكى ئۇنىڭ چوڭقۇر دىنىي مەنىسى بار. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەتكىن، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيتقىن ﴾ [''ئال ئىمران'' سۈرىسى، 41 ـ ئايەت].




www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار مەڭگۈ سەھەر ۋە كەچ ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇردۇ؛ ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئۆتەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم كەلىمە شاھادەت ئېيتىشى پەرز، تەكرارلاپ تۇرۇشى سۈننەت.

## 39. ئىسلام نەققاشلىقىدا نېمىشقا گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر ئىشلىتىلىدۇ؟

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مىللىي پىسخىكا ۋە ئېستېتىك قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى ۋە كېلىش مەنبەسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ﴾ [''ساففات'' سۈرىسى، 6 ـ ئايەت].



﴿ بىز ھەممىشە تىڭشاش ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ ﴾ [''جىن'' سۈرىسى، 9 ـ ئايەت]. ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلار مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن ئاسمان گۈزەلدۇر، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كىشىگە تەقۋالىق ۋە چىن ئېتىقاد ئاتا قىلىدۇ. مۇسۇلمان سەنئەتكارلار بۇ

4 ـ 14 ـ رەسىم: سىزىقلىرى تەكشى ماسلاشقان، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدىغان گېئومېترىيەلىك نەقىش.

چىرايلىق يۇلتۇزلارنىڭ سەنئەتلىك شەكلىنى چىقىرىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتى. ئۇلار مۇكەممەللىك ۋە بىر پۈتۈنلۈكنىڭ سىمۋولى بولغان يۇملاق شەكىل ئارقىلىق يۇلتۇزلارنى تەسۋىرلەشكە تىرىشتى، دەستىلەنگەن سىزىقلارنى كۆپ تەرەپتىن كىرىشتۇرۇپ ھەم تور شەكلىدە توقۇپ، بەش بۇرجەكلىك، ئالتە بۇرجەكلىك، سەككىز بۇرجەكلىك، ئون بۇرجەكلىك نەقىشلەرنى سىزىپ چىقتى، شۇنداقلا ئۇلارنى تەكرار ئۇچرىلاش ئارقىلىق ”كۆكتىكى سانسىز يۇلتۇزلار“نى شەكىللەندۈرۈپ، مۇسۇلمان سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت تالانتى ۋە مول تەسەۋۋۇر كۈچىنى نامايان قىلدى؛ سەنئەت بىلەن دىننى، كونكرېت ئوبراز بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنى زىچ بىرلەشتۈردى. ساپ ئىسلام سەنئىتى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۇنى چۈشىنىشىدىن كەلگەن، سەنئەتكارلار ئۇنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىگەن؛ شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولغان. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئىسلام سەنئىتىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.


پارلاق يۇلتۇزلار شەكلىدىكى جۇلالىق نەقىش سەنئىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق ۋە گۈزەللىككە بولغان پەلسەپەۋى قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئابستراكتلىقنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، سەنئەتنى يۈكسەك ئېتىقاد پەللىسىگە كۆتۈرگەن.

## 40. ئىسلام نەققاشلىقىدا نېمىشقا ئۆسۈملۈك نەقشى ئىشلىتىلگەن؟

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇ شۇ يامغۇر بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، يەنە يېشىل مايسىلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى ﴾ [”ئەنئام“ سۈرىسى، 99 ـ ئايەت].

ئۆسۈملۈكنىڭ بىخ سۈرۈشى هاياتىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلغاندىلا ياپيېشىل ياپراقلار يېتىشىدۇ. كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلگەندە، ياخشى ئەمەل قىلىپ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغاندا مول مېۋىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ كىشىگە ئاللاهنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە هاياتلىق پەلسەپىسىنى ئەسلىتىدۇ.


ئەرەب خەلقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى رەسىم ۋە نەقىشلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئابستراكت ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.



4 - 15 ـ رەسىم: 14 ـ ئەسىردە كاللا تېرىسىگە بېسىلغان ئۆسۈملۈك نەقىشى

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مەڭگۈ گۈللىنىشىگە بولغان ئارزۇسىغا، ئۈزلۈكسىز شاخلىنىشى ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ باراقسان ئۆسۈملۈكلەر چۆلدە ياشايدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى. ئۇلار ياپراق، شاخ ۋە گۈللەرنى مەنىسى روشەن نەقىشلەرگە سىڭدۈرۈپ، تەبىئەتتىن ئالغان مول تەسەۋۋۇرنى سىزىقچىلار ئارقىلىق رەتلىك، تەرتىپلىك شەكىلگە كىرگۈزگەن؛ توم-ئىنچىكە، تۈز-ئەگرى، قويۇق-شالاڭ، ئېنىق-مۇجمەل سىزىقچىلارنى سەنئەتلىك شەكىلدە كىرىشتۈرۈپ، تەبىئىي، كۆركەم، ئەۋرىشىم ۋە ئايلانما نەقىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن قالتىس زوقلاندۇرغان.

﴿ (ئى مۇھەممەد!) سەن زېمىننىڭ قاقاس ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ ﴾ {"ھەج"سۈرىسى، 5-ئايەت}.



4-16-رەسىم: قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سۈرىسى باشلانغان بەتنىڭ يان تەرىپىدىكى بوش ئورۇننى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، ئالتۇن رەڭ، كۆك رەڭ ۋە قارا رەڭ بىلەن سىزىلغان ئۆسۈملۈك نەقىشى.

## ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى

### 41. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قايسى رايونلارغا بۆلۈنىدۇ؟

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشى دۇنياغا ئۆزگىچە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى رايونلار بويىچە

ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. مىسىر، شام رايونى (سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر)؛


2. ئەجەم (ئىران قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدىن باشقا دۆلەتلەر)، ھىندىستان؛

3. تۈركىيە، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا؛

4. شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە؛

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا مۇسۇلمانلار ئاددىي نەقىش سەنئىتىنى ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىگە كەلگەندە مۇسۇلمانلار پارسلارنىڭ بىر قىسىم نەقىش ماھارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار پارسلارنىڭ شەھۋەتپەرەس پادىشاھى خىسراۋنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىدىكى نەقىشلەردىن ساسانىيە سەنئىتىنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنى بېيىتتى. مىسىرلىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ۋىزانتىيە سەنئىتىمۇ يېشىل ئوردا ۋە دەمەشقتىكى ئۇمەييە مەسچىتىنىڭ بېزىكىگە ئىشلىتىلدى. كېيىنكى يىللاردا پارس سەنئىتى شەرقتىكى جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا تارقالدى، ئەرەب سەنئىتى غەربتىكى فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ئەندەلۇسىيەگە 8 ئەسىردىن ئارتۇق تەسىر كۆرسەتتى.





4 - 17 - رەسىم: ياغاچ ئويما — "الملك" (ھەممىگە ھوقۇقلۇق پادىشاھ). بۇ ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى


## 42. ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانچە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى دەسلەپتىكى دىنىي كىتابلارنى زىننەتلەش ۋە مەسچىتلەرنى بېزەشتىن كېيىم-كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، بىناكارلىق، ھۈنەر-سەنئەت ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن بولۇپ، جەمئىي تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. **گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر:** بۇ — گېئومېتىرىيەلىك شەكىل ۋە تۈز سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن يۇلتۇز شەكىللىرى ۋە ھەر خىل ئەگرى سىزىقلارنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسەن بىناكارلىق ۋە مەسچىت بېزەكچىلىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.

2. **ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى:** بۇ — ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى ۋە گۈللىرىدىن ئىلھام ئېلىنىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە پاراللېل كەلتۈرۈپ نۇسخىلانغان تەسۋىرىي نەقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل نەقىش مىسىر، شام رايونى، شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە تۈركىيەدە كۆپرەك قوللىنىلغان، ئىرانلىقلار ۋە ھىندىستانلىقلار ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، ئۇنى تېخىمۇ تەبىئىي ۋە جانلىق تۈسكە كىرگۈزگەن.

3. **كىتاب نەقىشلىرى:** بۇ ئاساسەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى، ھەدىس شەرىف كىتابلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسمى ۋە شېئىر كىتابلىرىنى




4 - 18-رەسىم: نىلۇپەر شەكىللىك ''ا'' ھەرپى، نىلۇپەر بەرگى شەكىللىك ''ك'' ھەرپى﴿ و مكروا مكرا و مكرنا مكرا ﴾ (ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تۇيدۇرمايلا بىتچىت قىلىۋەتتۇق) [''نەمل'' سۈرىسى 50-ئايەت].

مۇقاۋىلاش، بەتلىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

**4. ئادەم ۋە ھايۋان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر:** قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن:

﴿ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار ﴾ {"نىسا" سۈرىسى، 36-ئايەت}.

﴿ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر ﴾ {"لۇقمان" سۈرىسى، 13-ئايەت}.


ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈش ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلىنىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرى كىشىلەرنىڭ يەنە مۇشرىكلىق دەۋرىگە قايتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن، ھەددىستىمۇ ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىش، ھەيكەل ياساش ھەمدە كۆزى بار ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ئېنىق چەكلەنگەن. ئىرانلىقلار ۋە ھىندىستانلىقلار ئاز بىر قىسىم نەقىشلىرىگە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشىنى چۈشۈرۈپ، دىنىي سورۇنلاردىن باشقا جايلارغا ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئىشلەتكەن. فاتىمىيە سۇلالىسى، ئەيۇب سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى مىسىر، شام رايونى ۋە ئەندەلۇسىيەدە بۇ خىل رەسىملەر ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن. كۆپ ساندىكى ئالىملار ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بۇنداق نەقىشلەرنى ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى دەپ ئەمەس، ئەرەب نەققاشلىق سەنئىتى دەپ ئاتايدۇ.

ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى دەسلەپتە قۇرئان كەرىمنى زىننەتلەش ۋە مەسچىتلەرنى بېزەشتىلا ئىشلىتىلگەن، كېيىن ئىشلىتىلىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ، ئۆي-ساراي، ئوردا-قەسىرلەرگە كۆپلەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەندەلۇسىيەلىكلەر ئىمارەتلىرىنىڭ تو-رۇسلىرىنىمۇ بۇ خىل نەقىش بىلەن بېزىگەن، نەقىشلەرگە ئالتۇندىن ھەل بېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆركەم، پارلاق ۋە رەڭدار تۈسكە كىرگۈزگەن. فاتىمىيەلىكلەر ساپال بۇيۇملارغا ئۆسۈملۈك ۋە قۇشلارنىڭ شەكلىنى چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ نەقىشلەر شۇنچىلىك جانلىق ۋە نەپىس. پارسلار بۇ سەنئەتنى رەسىملىك مەسەللەردە قوللانغان.


## 43. مىسىر ۋە شام رايونىدىكى ئىسلام نەققاشلىقى قانداق ئىدى؟

ئىسلام سەنئىتى مىسىر ۋە شام رايونىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، تۇلۇن خانلىقى دەۋرىدىلا ئىسلام سەنئىتى قوللىنىلىشقا باشلىغان، شۇغىنىسى، مىسىردىكى ئەھمەد بىن تۇلۇن مەسچىتىنىڭ بېزەكلىرىدىن يەنە باشقا سەنئەت ئىزلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئىسلام نەققاشلىقىدىكى گېئومېترىيەلىك نەقىش ۋە ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، زىچلىقى، رەتلىكلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن مىسىر ۋە شاملىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇمەييە خاندانلىقىدىن ئابباسىيلار خاندانلىقىغىچە ۋە تۇلۇن خانلىقىغىچە بولغان 300 يىلدا ئۆزلىرى ئەسلىدە ئىشلىتىۋاتقان كېيۇت، ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيە سەنئىتىنى ئۆزگەرتكەن.

قاھىرەدىكى ئەمىر ئىبنى ئاس مەسچىتى، ئەھمەد بىن تۇلۇن مەسچىتى، دەمەشىق شەھىرىدىكى ئۇمەييە مەسچىتى ۋە باغدادنىڭ شىمالىغا جايلاشقان سامىررا شەھىرىدىكى بىر يۈرۈش ئىمارەتلەرنىڭ بېزەكلىرى ئەڭ مەشھۇر نەققاشلىق ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.



4 - 19 ـ رەسىم: قاھىرەدىكى ئەھمەد بىن تۇلۇن مەسچىتىنىڭ خۇتبىسىگە ئويۇلغان نەقىش. بۇنىڭدا ئۆسۈملۈك نەقىشى گېئومېترىيەلىك نەقىش ئىچىگە ئويۇلغان.



4 - 20 - رەسىم: مىسىرلىق خەتتات مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئابدۇللا "فاتىھە" سۈرىسى ۋە "بەقەرە" سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى ئۈچۈن لايىھەلىگەن نەقىش

فاتىمىيە سۇلالىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئايالى فاتىمە زاھرانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان سۇلالە بولۇپ، فاتىمىيەلىكلەر ئىران شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە يول تۇتاتتى.

بۇ دەۋردىكى قىسمەن سەنئەتكارلار ئۆزىنىڭ رەسىم ۋە نەقىشلىرىگە ئادەم، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈپ، ئىسلام سەنئىتىدىكى چەكلىمىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باققان. يوپۇرماق نەقىشلىك كۇفى خەت نۇسخىسى ۋە گۈل نەقىشلىك كۇفى خەت نۇسخىسى ئىجادىيىتىدە فاتىمىيەلىكلەر تېز ئالغا بېسىپ، كۆپ خىل سەنئەت تەڭ راۋاجلانغان، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئۇلار ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى بىلەن گېئومېترىيەلىك نەقىشلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ كۆركەم نەقىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە يۇقىرى سەنئەت ئۇنۇمى ياراتقان ھەمدە نەققاشلىق سەنئىتىنى مىسلىسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. بۇ مەزگىلدە

قاھىرە شەھىرىنىڭ سىپىلى ۋە سىپىل قوۋۇقى بېزەكلىرى، ئەزھەر مەسچىتى، سالاھىددىن مەسچىتى، ھاكىم مەسچىتى، سەئىد رۇقىيا مەسچىتىنىڭ قۇببىسى، پەشتىقى ۋە مېھرابىنىڭ بېزەكلىرىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئېسىل، دەۋر ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.


ئەيۇب سۇلالىسى (1171-يىلىدىن 1250-يىلىغىچە) نىڭ نەققاشلىق سەنئىتى ئاساسەن فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان، پەقەت ئۇسلۇب جەھەتتىن نەپىسلىك ۋە نازۇكلۇققا مايىل بولۇپ، فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى تومۇ، قوپال ئۇسلۇبنى ئۆزگەرتكەن. بۇ دەۋرگە ئائىت كۆپ ئەسەر قالمىغان بولۇپ، پەقەت شۇ دەۋردە تاغ ئۈستىگە سېلىنغان قەلئە، زەپەر مۇنارى، نەجمىدىن مەدرىسەسى ۋە ئىمام شافىئى مەقبەرىسىدىكى نەقىش-بېزەكلەردىن بەزى ئىزنالارنى كۆرەلەيمىز. مەملۇك سۇلالىسى (1250-يىلىدىن 1517-يىلىغىچە) دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام سەنئىتى مىسىردا تېز تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى مەيدانغا كەلگەن، زۇھەير ھارىس مەسچىتى ۋە سۇلتان ھەسەن مەسچىتىنىڭ نەقىشلىرى بۇ دەۋرگە ئائىت نادىر ئەسەرلەردۇر. بۇ دەۋردە نەقىش سەنئىتى يەنە مىسكەرچىلىك، مۇزايىك، قۇيمىچىلىق، رەڭلىك سىزمىچىلىق، ئويمىچىلىق، زەرگەرلىك، قۇرئان زىننەتچىلىكى، ئەينەك نەققاشلىقى، ياغاچچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان بولۇپ، نەقىش بۇيۇملىرى ناھايىتى نەپىس، كۆركەم، بېزەكلىرى سۈزۈك ئىشلەنگەن.

## 44. تۈركىيە ئىسلام نەققاشلىقى سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

1453-يىلى سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنى مەغلۇب قىلدى، ئىسلام سەنئىتى ۋىزانتىيە سەنئىتى زېمىنىدىن يېڭى يول ئېچىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مىسىر ۋە شام رايونلىرىدا


www.uyghurkitap.com

قوللىنىلغان شاخ، يوپۇرماق ۋە گۈل نەقىشلىرى ھەر قايسى جايلاردا داڭ قازانغان ھەمدە پارس نەققاشلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى.



4 - 21 - رەسىم: 16 - ئەسىردە
تۈركلەر لايىھەلىگەن ئىسلامىي نەقىش

تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭىچە مىمارچىلىق تېخنىكىسى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن يېڭى تىپتىكى ئوردا-قەسىرلەرنى سالدى، سەنئەتكارلار قۇرۇلۇش لايىھەسىگە ياۋروپا ئۇسلۇبىنى سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، بەزى يەرلىرىگە ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنى قوللاندى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركلەر ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنى گىلەم توقۇمىچىلىقىغا ئەپچىل بىرلەشتۈرۈپ، گىلەمنىڭ جىيەكلىرىگە ناھايىتى چوڭ بوشلۇق قالدۇرۇپ كىچىك گۈل شەكىللىرىنى چۈشۈردى، گىلەمنىڭ مەركىزىدىن تۆت تەرەپكە تارىتىپ توقۇلغان نەقىشلەرنىڭ لايىھەلىنىشى چىرايلىق، ئىشلىنىشى سىپتا بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق.

تۈركلەرنىڭ يەنە ساپال سىزمىچىلىقىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىران سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان؛ كۆركەم گۈلنىڭ نەقىشنى چۈشۈرۈپ، گۈلنى ھال رەڭدە بوياپ، يوپۇرمىقىنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرغان، تەگلىكىگە قىزىل رەڭ، چۆرىسىگە كۆك رەڭ بەرگەن. سۇلتان سۇلايماننىڭ مەقبەرىسىگە ھەر خىل رەڭدىكى بېزەكلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭگە قىزىل رەڭ

كىرىشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك نەقىشلەر ئىشلىنىپ، بوش يەرلىرىگە قارا، كۆك، يېشىل ۋە ھال رەڭلەر بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيەنىڭ دىنىي كىتابلىرىنىڭ مۇقاۋىلىرىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەرمۇ ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان رەڭلەر ناھايىتى چىرايلىق، پاكىز ۋە كۆركەم.



4 - 22 - رەسىم: تۈركىيە ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىگە تەۋە گۈل بىلەن دەرەخ بىرلەشتۈرۈلگەن كۆركەم نەقىش

## 45. مەغرىب ۋە ئەندەلۇسىيەنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى قانداق ئىدى؟


ئەندەلۇسىيەنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن مىسىر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقايمىز، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى كۆركەم، تەبىئىي، مەردانە، تەكشى ۋە نەپىس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ گېئومېترىيەلىك نەقىشلەردە رىم سەنئىتى، ۋىزانتىيە سەنئىتى ۋە ئەرەب سەنئىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. بۇ نەقىشلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، ماسلاشتۇرۇلۇشى بىردەك، قۇرۇلمىسى زىچ ۋە رەتلىك، شەكلى چىرايلىق بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شۇنداقتىمۇ، ئەندەلۇسىيەنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى شىمالىي ئافرىقىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىغا يېقىن بولۇپ، بۇ ئوخشاشلىقلارنى قۇرتۇبە مەسچىتىنىڭ قۇببىسىدىكى نەقىشلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەغرىب بىلەن ئەندەلۇسىيەنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، مەغرىبنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن نەققاشلىق سەنئىتى ئەندەلۇسىيەگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى سەنئەت ھەم مۇستەقىل، ھەم بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەندەلۇسىيەنىڭ ئەڭ گۈزەل، كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى رەڭلىك سىزما سەنئىتىدۇر، بولۇپمۇ رەڭلىك كاھىش ۋە رەڭلىك ئەينەك نەقىشلىرى ناھايىتى ئۆزگىچە. ئۇلار كۆك، قىزىل ۋە ئالتۇن رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، كۆك رەڭنى ئاساس قىلىپ، نەقىشلەرنى ناھايىتى يېقىملىق، ماسلاشقان، سىلىق ۋە خىلۋەت تۇسكە كىرگۈزگەن.




4 - 23 - رەسىم: ئەندەلۇسىيە قىزىل ئوردا تاملىرىدىكى ئويما نەقىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 46. پارس ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى 300 يىل ئىچىدە، پارسلاردا يەنىلا ساسانىيە سەنئىتىنىڭ تەسىرى تۈگىمىگەنىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام سەنئىتى پارسلارغا رەسمىي كىردى. باغدادنىڭ گۈزەل نەقىش سەنئىتى پارسلارنىڭ بېزەكچىلىكىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇ دەۋردىكى ھىندىستان سەنئىتىمۇ پارسلارغا تەسىر كۆرسەتتى. دېمەك، پارس سەنئىتى ئەنئەنىۋى ساسانىيە سەنئىتى، كۆچلۈك ئەرەب سەنئىتى ۋە ھىندىستان سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، كۆپ خىللىقا ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.




4 - 24 - رەسىم: ئىسپاھانلىقلار لوڭقىغا سىزغان ئىسلامىي نەقىش

پارس نەققاشلىق سەنئىتىدىكى گېئومېترىيەلىك نەقىشلەردە پۈتۈنلەي ئەرەب ئۇسلۇبى قوللىنىلغان، ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىدىكى ئۆزگىرىش چوڭراق، گۈل-يوپۇرماق سىزىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، گۈل-يوپۇرماق نەقىشلىرى رەڭدار. پارسلارمۇ ئەندەلۇسىيە نەققاشلىرىغا ئوخشاشلا رەڭلىك سىزمىچىلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، 13-ئەسىردىن كېيىن گۈللەنگەن پارس مىنىياتۇر سەنئىتى پارس سەنئىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

## 47. ھىندىستان ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟


ئىسلام دىنى ھىندىستانغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام سەنئىتى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن ھەمدە دىن ۋە مەدەنىيەتلەر ئالاقىسى داۋامىدا ھىندىستاننىڭ كۆپ مەنبەلىك ئەنئەنىۋى سەنئىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. 16-ئەسىردە ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىدە خېلى ۋايىغا يېتىپ، نۇرغۇن گۈزەل نەقىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار نەقىشتە ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئاساس قىلىپ، ھىندىستان ئەنئەنىۋى سەنئىتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇنىڭغا سىڭدۇرگەن؛ قىسمەن نەقىشلەردە كۆك رەڭنى ئاساس قىلىپ، باشقا رەڭلەرنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرغان. ئىككى خىل سەنئەتنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن بۇ نەقىش سەنئىتى نەپىس، يوپۇرماق ۋە گۈللىرى ماسلاشقان، گۈللىرى جانلىق ھەم رەڭدار، قۇرۇلمىسى تەكشى، نەقىشلىرى زىچ ھەم كۆركەم بولۇپ، سەنئەت ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. بولۇپمۇ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەبىئىي رەڭلىك تاشنى ئېزىپ، ياغاچ يىلىمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان بوياق بىلەن ئىشلىگەن نەقىشلىرى تەڭداشسىز گۈزەل بولۇپ، كىشنى ناھايىتى مەپتۇن قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى نەققاشلىق سەنئىتنى بوياقچىلىق ۋە مىسكەرلىككە ئىشلەتكەن.



4 - 25-رەسىم: ئۆسۈملۈك نەقىشى. 1313-يىلى ئىراندا كۆچۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ ئىچ مۇقاۋىسىغا ئىشلىتىلگەن، نەقىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە بۇرجەكلىك ئۆسۈملۈك نەقىشنىڭ كۆك تەگلىكىگە ئاق رەڭدە نەقىش سىزىلغان، تۆت تەرىپىدىكى ئالتە تەرەپلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارا رەڭدە نەقىش سىزىلغان، باشقا يەرلىرى ئالتۇن رەڭدە زىننەتلەنگەن.







4 - 26-رەسىم: ھىندىستان ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىگە تەۋە ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى



4 - 27 ـ رەسم: هندستاننڭ ئسلامي نەقشلرى

## 48. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام نەقىقاشلىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

ئىسلام دىنى جۇڭگوغا كىرگىلى 1300 يىلدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا جۇڭگوغا سودا ـ تىجارەت ساياھەتكە كەلگەن ئەرەب، پارس مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۆزئارا ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئەرەب، پارس مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق شەكىللەندى. ئىقتىسادىي ئالاقە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا كەلگەن پارسلار بولسۇن ياكى دېڭىز يولى ئارقىلىق پارس قولتۇقىدىن ئۆتۈپ دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلارغا كەلگەن ئەرەبلەر بولسۇن ۋە ياكى جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تامماچى لەشكەرلىرى* بولسۇن، ھەممىسى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.






4 - 28 ـ رەسىم: تيەن جيابېي (1879—1944) ھەر بىر پارىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ كۆچۈرگەن ياغاچ ئويما قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسى. ئوتتۇرىدىكى رومبا شەكىلگە "القران كلام الله" (قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر) دەپ يېزىلغان؛ ئۈستىدىكى تىك تۆت تەرەپلىكتە ﴿لا يمسه الا المطهرون﴾ (قۇرئاننى پاك بولغۇچىلارلا تۇتىدۇ) {"ۋاقىئە" سۈرىسى، 79 ـ ئايەت}، ئاستىدىكى تىك تۆت تەرەپلىكتە ﴿تنزيل من رب العالمين﴾ (ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر) {"ھاققە" سۈرىسى، 43 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتلەر يېزىلغان.

* 1217 ـ يىلى چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ بەش قەبىلىسىدىن تەشكىللىگەن بىر قوشۇننىڭ نامى بولۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭغا تۈرك قاتارلىق باشقا مىللەتلەرمۇ قوشۇلغان — تەرجىماندىن.

نەققاشلىق جەھەتتە جۇڭگو خۇيزۇلىرى مۇستەقىل ئۇسلۇب شەكىللەندۈرەلمىگەن، پەقەت جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىكى بىر قىسىم گۈل ۋە ئۆسۈملۈك سىزمىچىلىقىدىن ئاددىيغىنا پايدىلانغان، چۆگۈن قاتارلىق بۇيۇملارغا ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ئەرەبچە ھۆسنىخەتلەرنى يازغان، بەزىلىرىگە ئاددىي گېئومېترىيەلىك شەكىل ۋە ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى چۈشۈرگەن.




4 ـ 29 ـ رەسىم: شىنجاڭ قار گۈلى تورۇس ئويما بېزەكچىلىكى. گېئومېترىيەلىك نەقىش، ئۆسۈملۈك نەقىشى ۋە ئىسلام نەققاشلىقىدا كەم ئۇچرايدىغان 卐 بەلگىسى تەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر نەققاشلىقىنىڭ رەڭدارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەققاشلىق سەنئىتى ناھايىتى مول ۋە رەڭدار بولۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىختا ئۇيغۇرلار سامان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كەڭ تارقالغاندىن كېيىن كۆپ مەنبەلىك

مەدەنىيەت شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىگە سىڭىپ كىرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، قولى گۈل ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى بۇ ئۆزگىچە سەنئەتنى تۆمۈر ئەسۋاب ۋە يېڭىسار پىچاقلىرىغا نەقىش چېقىرىش، مەسچىت ۋە مېھرابلارنى بېزەش، ئۆي جاھازلىرىنى زىننەتلەش، گىلەمگە ۋە تامغا گۈل چېقىرىش، ياغاچ ئويمىچىلىقى، گۈل خىش ۋە ساپال بۇيۇملار بېزەكچىلىكى قاتارلىقلارغا قوللىنىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن.

شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتى ئاساسەن ئۆسۈملۈك نەقىش ۋە گېئومېترىيەلىك نەقىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىدە چوغلۇق، ئەترگۈل، گۈلسامساق، تاجگۈل، مۇدەنگۈل، ئانارگۈل ۋە بادام قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى ۋە گۈلى تەسۋىرلىنىدۇ. شاخ، يوپۇرماق ۋە گۈللەر بىر-بىرىگە رەتلىك گىرەلەشتۈرۈلۈپ ھاسىل قىلىنغان بۇ گۈزەل، نەپىس، كۆركەم نەقىشلەر جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدۇر.



4 - 30 - رەسىم: رەتلىك، قانۇنىيەتلىك ھەم شەكىلدار دىرىزە بېزىكى

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى


ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەرەب خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپادىلىنىش شەكلى، بارلىق ئىسلام سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر چىرايلىق ئىمارەت ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ نامايەندىسىدۇر. مىڭ يىللاردىن بۇيان سېلىنغان ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر، كۆككە تاقاشقان ئەزان مۇنارلىرى، قاتلاممۇقاتلام ئويۇق ۋە گۈل چىقىرىلغان مېھرابلار، ئەگمە قۇببىلەر، ھەشەمەتلىك ئوردا-قەسىرلەر ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىق ۋە رەتلىك ئۆيلىرى، ئىستانبۇلدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن قالغان چىرايلىق چەشمىلەر، قاھىرەلىكلەرنىڭ گۈللۈك بالكونلىرى مۇسۇلمان سەنئەتكارلارنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە چېۋەرلىكىنى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگۈسىگە يول ئاچقانلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىناكارلىق مۆجىزىلىرىدۇر.

## ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى

### 49. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق دېگەن نېمە؟

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ بىناكارلىق سىستېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ، مەسچىت، ئوردا-ساراي، قەلئە، سېپىل، مەكتەپ، مۇنچا، تۇرالغۇ ۋە مەقبەرەلەردە بۇ سەنئەتنىڭ ئۇسلۇبىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەسچىت ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. مەسچىت-جامەلەر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ جەۋھىرى،

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە قەلب ماكانىدۇر. ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كۆنىسىرى مۇكەممەللىشىشى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.



5 - 1 - رەسىم: ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ئەھمەد جامەسى





ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تۇنجى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان مەسچىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا پاكلىقنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ پاكلىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ ﴾ {"تەۋبە" سۈرىسى، 108 - ئايەت}.

كەئبە بار مەسچىت ھەرەم مەسچىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ھەقىقەتەن، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىكى ئۆي (بەيتۇللاھ)دۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرىدۇر، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز

قىلىندى. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر ﴾ [''ئال ئىمران'' سۈرىسى، 97 ـ ئايەت].

مەسچىتكە ھەر قانداق سۈرەت، رەسىم ۋە بۇت ـ ھەيكەللەرنى قويۇشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تەۋراتتىن ئىلىم بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كافىرلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن ﴾ [''نىسا'' سۈرىسى، 51—52 ـ ئايەت].


شۇڭا، مەسچىت ئىمارەتلىرى چېركاۋ، بۇتخانا ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىسلام ئىمارەتلىرى مۇقەددەس، ھەيۋەتلىك، بىخەتەر، قولايلىق، پاكىز بولۇپ، مەسچىتلەر ئاساسەن نامازگاھ، قۇببە، ئەگمە دېرىزە، ئەزان مۇنارى، مەدرىسە، مۇنچا (مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تاھارەت ئالىدىغان يېرى)، ھويلا قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئىسلام ئىمارەتلىرى گويا گۈلزارلىققا ئوخشاش تەكشى، رەڭدار، كۆركەم بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى، گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر ۋە ئەرەبچە ھۆسنخەتلەر بىلەن بېزىلىدۇ. بۇ بېزەكلەر تۈۋرۈك، لىم، قۇببە، ئەگمە ئىشىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىگە خاس ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىسلام ئىمارەتلىرى يەنە زۇمرەت سۇ، دەل ـ دەرەخ ۋە كۆك ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ چىرايلىق، تەبىئىي، پاكىز ۋە مۇقەددەس تۈسكە كىرىدۇ.

## 50. ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ قانداق ئۇسلۇبلىرى بار؟

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا

تۆرتكە بولدى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تەقۋالىقى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى.



5 - 2 - رەسىم: 1612 - يىلىدىن 1618 - يىلىغىچە ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھرىدە سېلىنغان خانلىق جامە

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە ئىمارەتلەرنى سالغان ئىدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، دېدى ﴾ [''ئەئراف'' سۈرىسى، 74 - ئايەت].

قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلار تۈزلەڭلىكلەرگە ئىمارەت سېلىشقا دەۋەت قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئاللاھ ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۆز ئىسمىنى ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان مەسچىتلەردە مۆمىنلەر ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ ﴾ [ ''نۇر'' سۈرىسى، 36 - ئايەت].

مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىت سالغان، مەيلى






www.uyghurkitap.com




5 - 3 - رەسىم: 1663 - يىلى ھىندىستاندا سېلىنغان مەرۋايىت مەسچىتىنىڭ قۇببىسى



5 - 4 - رەسىم: ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھىرىدىكى داربى مەسچىتىنىڭ قۇببىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى





5 - 5 ـ رەسىم: قاھىرە كونا شەھەر رايونىدىكى 1303 ـ يىلى سېلىنغان ئامىر بىن ئاس مەسچىتىنىڭ "ئەمىر سەلال" مېھرابى





پادىشاھلار ياكى پۇقرالار بولسۇن، بۇ دۇنيادىمۇ بىر باغچا، بىر تۇرالغۇ بىنا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بەرگەن جەننەت تەسۋىرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن بۇ دۇنيادا روياپقا چىقارغان، مەسچىتكە فونتان، كۆلچەك ياساتقان، ھويلىسىغا دەرەخ تىككەن.

﴿ ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئەدنى جەننەتلىرىدىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھنىڭ رازىلىقى تېخىمۇ كاتتىدۇر، مانا بۇ چوڭ بەختتۇر ﴾ ["تەۋبە" سۈرىسى، 72 ـ ئايەت].

﴿ ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ

ئىككى جەننەتتە بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار﴾ {"رەھمان"سۈرىسى، 64 ـ 68 ـ ئايەت}.

622 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنەدە تۇنجى مەسچىت ـ قۇبا مەسچىتىنى بىنا قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 1000 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتتى، ئىسلام بىناكارلىقىمۇ جايلار ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھەر خىل ئۇسلۇب، ھەر خىل شەكىلدە تەرەققىي قىلدى. مەسچىتلەرنىڭ ياپپاڭ ئۆگزىسى قۇببە شەكلىدە ياسىلىدىغان، چۆرىسىگە دولقۇنسىمان قىرغاق چىقىرىلىدىغان، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستىگە يېرىم چەمبەرسىمان، ئۇرۇنما چەمبەرسىمان ۋە ئۇچ بۇرجەك شەكىللىك ئەگمە چىقىرىلىدىغان بولدى. ئەزان مۇنارى تېخىمۇ چىرايلىق ياسىلىپ، مۇنار گەۋدىسى قىرلىق ياكى يۇمىلاق ياسىلىدىغان، بۆلەكلەر بويىچە ئويما نەقىش ئىشلىنىدىغان بولدى. مىسىر ۋە شام رايونىدىكى گىرېتسىيە ۋە ۋىزانتىيە سەنئىتىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن تۇلۇن خانلىقى، فاتىمىيە سۇلالىسى، ئەييۇب سۇلالىسى ۋە مەغرىب بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىغا تەۋە مەشھۇر ئىمارەتلەردىن مىسىردىكى ئامۇر ئاس مەسچىتى، ئەزھەر مەسچىتى، سۇلتان ھەسەن مەسچىتى، ھۆسەيىن مەسچىتى، مۇھەممەد ئەلى مەسچىتى، ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتى، سۇرىيە دەمەشىقتىكى ئۇمەييە مەسچىتى، ھەلەب قەلئەسى، ئەدرىيە مەدرىسەسى قاتارلىقلار بار. ئىراق ۋە ئىراننىڭ مەسچىت بىناكارلىقىمۇ ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. سەفەۋىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىراننىڭ مەسچىت بىناكارلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، يۇمىلاق ۋە ئېللىپىس شەكىللىك ئەگمە ئىشكىلەر مەسچىتنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەن، بولۇپمۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن ئۆسۈملۈك نەقىشى چۈشۈرۈلگەن كاھىشلار ئىمارەتلەرگە بىپىيىگى ھۆسن قوشقان، بىنانى كۆركەم، چىرايلىق قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئىسلامي

ئۇسلۇبتىكى بۇنداق چىرايلىق ئىمارەتلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھەيۋەتلىك ئىسپاھان مەسچىتىنىڭ قۇرۇلمىسى كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام بىناكارلىقىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىراقتىكى مەشھۇر ئالتۇن قۇببىلىك مەسچىت ۋە شىئە مەزھىپىدىكى ھەسەن ئەسكەرىنىڭ مەقبەرىسىدىكى نەقىشلەر ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 36 مېتىر كېلىدىغان، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىككى مۇنار بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قۇببىسى قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ماراكەش ۋە ئەندەلۇسىيەنىڭ ئىسلام بىناكارلىقى قەدىمكى رىمنىڭ بىر قىسىم بىناكارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىشىك نەقىشلىرى كۆركەم، ئىشىك بېشىغا تاش ئەگمە قويۇلغان، تاش تۈۋرۈكلىرى ئورمانلىقتەك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كوردوۋا مەسچىتى ۋە قىزىل ئوردا بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ھىندىستاننىڭ ئىسلام بىناكارلىقى ئەرەبلەر بىلەن ھىندىلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، مەشھۇر ئىمارەتلەردىن يارئەمىر مەسچىتى، ئىبراھىم مەسچىتى، تاج ماھال مەقبەرىسى قاتارلىقلار بار. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئىستانبۇلدا سېلىنغان سۇلتان ئەھمەد جامەسى (كۆك مەسچىت) بىلەن سۇلايمانىيە جامەسى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ۋىزانتىيە سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كۆككە تاقاشقان ئۇچلۇق ئەزان مۇنارى ۋە چوڭ قۇببە ئەتراپىغا ماسلاشتۇرۇلغان كىچىك قۇببىلەر ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قاتلاممۇ قاتلام ئورۇنلاشتۇرۇلغان.




### مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتى

## 51. مەسچىت قايسى ئاساسلىق قۇرۇلۇش شەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ؟

مەسچىتلەر باشقا دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. مەسچىت ئەرەبچە ”مەسجىد“ ياكى ”بەيتۇللاھ“ (ئاللاھنىڭ ئۆيى) دەپ

ئاتىلىدۇ. مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايى؛ مۇقەددەس، پاكىز ئورۇن ھەم پائالىيەت مەركىزى؛ ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قۇرۇلۇش شەكلى. قۇرئان كەرىمدە 28 يەردە مەسچىتكە مۇناسىۋەتلىك ئايەت بار.




5 - 6 ـ رەسىم: 1340 ـ يىلى سېلىنغان ئىسپاھان جۈمە مەسچىتى

﴿ ھەقىقەتەن مەسچىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا بىر كىمنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلماڭلار ﴾ [''جىن''سۈرىسى، 18-ئايەت].

﴿ ئاللاھنىڭ مەسچىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشىدا ئۈمىد بار ﴾ [''تەۋبە''سۈرىسى، 18-ئايەت].


﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئۇ مەسچىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، تۇنجى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان مەسچىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا پاكلىقنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ پاكلىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ ﴾ [''تەۋبە'' سۈرىسى، 108-ئايەت].



5 - 7 -رەسىم: مىسىردىكى ئىبنى تۇلۇن مەسچىتىنىڭ مۇستەھەپخانىسى ۋە ئەزان مۇنارى

مۇسۇلمانلار مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسچىتلەرنىڭ رولى ناھايىتى كۆپ بولۇپ،

مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش سورۇنى بولغاندىن باشقا، يەنە بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان، پاراڭلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرىدىغان سورۇندۇر. جۇمەگۈدىكى مەسچىتلەردە تېخى مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلىدۇ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ.



5 - 8 ـ رەسىم: قاتاردىكى شەيخ هاشىم بىن مۇھەممەد ئەلى سانى مەسچىتىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى


مەسچىت يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىدىغان جايىدۇر. مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخى بار، دۇنياغا مەشھۇر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەسلىدە مەسچىتتىكى بىر مەدرىسە ئىدى. ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن نۇرغۇن فەقىھلەر، تىلشۇناسلار، ئەدىبلەر ۋە تارىخچىلار دەسلەپتە مەسچىتتە تەربىيە ئالغان.

تارىختا مەسچىتلەر يەنە شەرئى مەھكىمە رولىنى ئۆتىگەن، ئەينى دەۋردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنەدىكى مەسچىتتە ئۇممەت (مۇسۇلمانلار جامائەتى) تەسىس قىلىپ، دىنىي، سىياسىي ۋە خارجى ئىشلارنى باشقۇرغان.


بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىلادىيە573—634) پەيغەمبەر مەسچىتىدە خەلىپىلىككە ئولتۇرغان.

www.uyghurkitap.com


مەسچىت يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم خەير- ساخاۋەت ئورگىنى بولۇپ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان مۇساپىرلار مەسچىتتىن ياردەم ئالالايدۇ. سەپەرگە چىققان مۇسۇلمانلار نەگىلا بارسا، ئاۋۋال شۇ جايدىكى مەسچىتكە بارىدۇ. مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ.



5 - 9 -رەسىم : مىسىر ئەزھەر مەسچىتىنىڭ قوش ئۇچلۇق ئەزان مۇنارى



5 - 10 - رەسىم: مىسىر ئەزھەر مەسچىتىدىكى ئەقبەغاۋىيە مەكتىپىنىڭ ئەزان مۇنارى



5 - 11 - رەسىم: مۇنبەرنىڭ يان كۆرۈنۈشى

سىرتتىن قارىغاندا، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى نامازگاھ، قۇببە، ئەگمە رۇجەك، ئەزان مۇنارى، ۋەزخانا، ھويلا، تۈۋرۈك، كارىدور قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەزان مۇنارى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ بەلگىسى. ناماز-گاھنىڭ ئۇدۇلىدا مېھراب، ئوڭ تەرىپىدە مۇنبەر بولىدۇ. تۈركىيەنىڭ بەزى مەسچىتلىرىدىكى نامازگاھنىڭ سول تەرىپىدە يەنە خاتىپلار ئولتۇرۇپ خۇتبە سۆزلەيدىغان ئۈستەل قويۇلغان بولىدۇ، خاتىپلار ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنى سۆزلەيدۇ. مەسچىتكە ھەر قانداق رەسىم ياكى ھەيكەللەرنى قويۇش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

مەسچىتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرلۈك:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىگە ئائىت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسچىتلەر: مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتى، مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى، ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتى.

2. ئىسلام تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سېلىنغان مەسچىتلەر. مەسىلەن، قۇبا مەسچىتى.

3. يەرلىك نام بىلەن سېلىنغان مەسچىتلەر. مەسىلەن، شىئەندىكى خۇاجۆشياڭ مەسچىتى.

4. خان-پادىشاھلار (خەلىپىلەر، سۇلتانلار، ئەمىرلەرنىڭ نامى بىلەن) سالدۇرغان مەسچىتلەر. مەسىلەن، دەمەشقتىكى ئۈمەييە مەسچىتى.

5. جۈمە مەسچىتى. مەسىلەن، ئىراندا جۈمە مەسچىتى ناھايىتى كۆپ.


6. جامەلەر، يەنى شۇ جايدىكى ئەڭ ئاۋات، ئەڭ چوڭ مەسچىتلەر. مەسىلەن، مىسىردىكى جامىئۇل ئەزھەر مەسچىتى.

7. مازارنىڭ يېنىغا سېلىنغان مەسچىتلەر. مەسىلەن، ئىراقتىكى مەشھۇر ھۈسەيىن مەسچىتى.


8. ئادەتتىكى مەسچىتلەر ۋە ئاددىي نامازگاھلار.








5 - 12 ـ رەسىم: مىسىردىكى مۇھەممەد ئەلى مەسچىتىنىڭ مۇنبىرى




5 - 13 ـ رەسىم: ئىستانبۇل مەسچىتلىرىنىڭ نامازگاھى



www.uyghurkitap.com




5 - 15 - رەسىم: ئوماندىكى سۇلتان قابۇس مەسچىتىنىڭ مېھرابى




5 - 14 - رەسىم: 972 - يىلى (ھىجرىيە 360 - يىلى) سېلىنغان مىسىر ئەزھەر مەسچىتىنىڭ "فاتىمىيە" مېھرابى





5 - 16 - رەسىم: ھىندىستاندىكى تاج ماھال مەقبەرىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



5 - 17-رەسىم: تۈركىيە جامە-لىرىدىكى نامازخانلارنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان خۇتبە مۇنبىرى. خاتىپ بۇ مۇنبەردە ئولتۇرۇپ خۇتبە سۆزلەيدۇ.


مەسچىت سىلىقشقا كېسەك، خورما ياغىچى، تاش، خىش قاتارلىق ماتېرىياللار، سىرتىنى زىننەتلەش ئۈچۈن رەڭلىك كاھىش ئىشلىتىلىدۇ.

ئەزان مۇنارى ئەرەبچىدە ”مەنار“، پارسچىدا ”مۇنارە“ دەپ ئاتىلىدۇ (پارسچىغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن ــ تەرجىماندىن). ئەزان مۇنارى مەسچىتلەرنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەزان مۇنارىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى تۇۋرۇك شەكىللىك، بەزىلىرى تۆت چاسا، بەزىلىرى بۇرمىسىمان، بەزىلىرى كۆپ قىرلىق، بەزىلىرى كونۇسسىمان، بەزىلىرى قوش ئۇچلۇق، بەزىلىرى ئالتە قىرلىق ياكى سەككىز قىرلىق شەكىلدە ياسىلىدۇ. ئەزان مۇنارىنىڭ ئىچىگە بۇرمىسىمان پەلەمپەي ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈستىگە بىۋاستە چىققىلى بولىدۇ. بەزى ئەزان مۇنارلىرى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر بۆلىكىگە ئەگمە كارىدور ۋە بالكون ياسىلىدۇ. ناماز ۋاقتى بولغاندا مۇئەززىن مۇنارغا چىقىپ ئەزان توۋلاپ، مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىدۇ؛ رامىزان ئېيى ھارپىسىدا رامىزاننىڭ كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇنارنىڭ بالكونىغا چىقىپ ھىلال ئايغا قارايدۇ؛ رامىزان ئاخىرلىشىشقا بىر كۈن قالغاندا رامىزاننىڭ ئاياغلاشقان-ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە بالكونغا چىقىپ ئايغا قارايدۇ.

بەزى مەسچىتلەرنىڭ ئەزان مۇنارى مەسچىتنىڭ كەڭ سەيناسى بىلەن تۇتاش ياسىلىدۇ، بەزىلىرى مۇستەقىل ياسىلىدۇ، بۇنداق مۇنارنىڭ سانى ئادەتتە ئاز بولغاندا بىر، كۆپ بولغاندا توققۇز بولىدۇ.

ھەرەم مەسچىتىنىڭ توققۇز ئەزان مۇنارى، ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ئەھمەد جامەسىنىڭ ئالتە ئەزان مۇنارى، ئىراقتىكى سامىرا مەسچىتىنىڭ بۇرمىسىمان ئەزان مۇنارى، گۇاڭجۇدىكى خۇەيشېڭسى مەسچىتىنىڭ نۇرلۇق مۇنارى، مىسىردىكى جامىئۇل ئەزھەر مەسچىتىنىڭ قوش ئۇچلۇق مۇنارى، پاكىستاندىكى پادىشاھ مەسچىتىنىڭ چاسا مۇنارى، ئىراندىكى ئىسپاھان جامەسىنىڭ تۈۋرۈك مۇنارى، ھىندىستاننىڭ دېھلىدىكى قۇتۇپ مۇنارى، شىئەندىكى خۇاجۆسى مەسچىتىنىڭ مۇنارى، يەنە ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II جامەسىنىڭ ئېگىزلىكى 200 مېتىردىن ئاشىدىغان مۇنارى قاتارلىقلار دۇنيادىكى داڭلىق ئەزان مۇنارلىرى ھېسابلىنىدۇ.

نامازگاھ مەسچىتنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، چۆرىسىگە خىلمۇخىل ئەگمە ياسىلىدۇ، ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ ئەگمە نامازگاھنىڭ مەركىزىي قىسمىنىڭ ئۈستىگە توغرىلىنىدۇ. قۇببىنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئىچى-سىرتى ئىنچىكىلىك بىلەن بېزىلىدۇ، سىرتىنىڭ بېزەكلىرى جۇشقۇن ھەم مەردانە بولۇپ، بىر پۈتۈن گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. نامازگاھ كۆركەم، نەپىس بېزىلىدۇ.



گۈمبەزسىمان ئەگمىلەر مەسچىتلەرنى گۈزەل كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئاكۇستىكىلىق لايىھە (ئاۋاز-شۇناسلىق ئىلمىي لايىھەسى)نى نامايان قىلىدۇ، ناماز ئوقۇغاندا ئىمامنىڭ قىرائەت ئاۋازى مېھرابتىن گۈمبەز ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارىدۇ. مەسچىتنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشىدا ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى گەۋدىلىنىدۇ.

5 - 18 - رەسىم: 1436 - يىلى سېلىنغان ئىران ساخان نىمتولۇن مەسچىتىنىڭ قۇببىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇنبەر نامازگاھتا كەم بولسا بولمايدۇ، مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلىدۇ. مۇنبەر ئادەتتە ياغاچتىن ياكى مەرمەر تاشتىن ياسىلىپ چىرايلىق زىننەتلىنىدۇ، پەشتاقلىرى تاق بولىدۇ. ئىمام جۈمە نامىزى ئوقۇشتىن ئاۋۋال مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە سۆزلەيدۇ، تارىختا بۇنداق خۇتبە سۆزلەش ھوقۇق ۋە شەرەپنىڭ سىمۋولى ئىدى.


## 52. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۈچ چوڭ مۇقەددەس مەسچىت قەيەردە؟

مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتى، مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى، ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۈچ چوڭ مۇقەددەس مەسچىتتۇر. بۇ ئۈچ مۇقەددەس مەسچىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ھەرەم مەسچىتى ئەرەبچىدە "مەسجىدىل ھەرام" دېيىلىدۇ. ھەرەم مەسچىتىنىڭ نامى قۇرئان كەرىمدىن كەلگەن.

﴿ ئاللاھ بارچە نۇقساندىن پاكتۇركى، ئۇ ئۆز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە ھەرەم مەسجىدىدىن ئەقراپىنى بەرىكەتلىك

5 -19- مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتى






ISLAMIC ART

قىلغان ئەقسا مەسجىدىگە كەلتۈردى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ {"ئىسرا"سۈرىسى، 1-ئايەت}.

كەئبىنى قوغداش، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاش ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ياتلارنىڭ مۇداخىلىسى ۋە ئۇششۇمتۇت ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىكى﴿ ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئىھرامدا تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا تەڭداش كەلگۈدەك چارۋىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر ياكى كافارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئىھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بۇرۇنقى گۇناھنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى بۇ گۇناھنى قايتا ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾ {"مائىدە" سۈرىسى، 95-ئايەت}؛ ﴿ ئى مۆمىنلەر! پەقەت مۇشرىكلار نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلىدىن) كېيىن ئۇلار ھەرەم مەسجىدىگە يېقىنلاشمىسۇن. (ئى مۆمىنلەر!) ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرمەسلىكى بىلەن) پېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ئۆزاققا قالماي ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ {"تەۋبە" سۈرىسى، 28-ئايەت} دېگەن تەلىمات بويىچە كەئبىنىڭ ئەتراپىنى چەكلەنگەن رايون قىلىپ، بۇ رايوندا تىرىك ھايۋانلارنى ئوۋلاش، ئۆلتۈرۈش، جېدەل قىلىش، جەڭ قىلىش ۋە باشقىلارغا يامان گەپ-سۆز، ناچار قىلىقلار بىلەن ئازار بېرىشنى ھەممە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىنى چەكلىگەن، شۇڭا كەئبە "ھەرەم مەسچىتى" دەپ ئاتالغان.

ھەرەم مەسچىتى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىبلىسى ھەم ھەج-تاۋاپ مەركىزى، ھەرەم مەسچىتىدە كەئبە (ئەرەبچىدە كۇب شەكىللىك ئۆي دېگەن مەنىدە) بار. كەئبە قوڭۇر كۆل رەڭلىك تاشتىن سېلىنغان، جەنۇب-شىمال يۆنىلىشتىكى ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، غەرب-شەرق يۆنىلىشتىكى كەڭلىكى 10.1 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان كۇب شەكىللىك ئىمارەتتۇر. كەئبىنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىز ئورنىدا ئېگىزلىكى 3.2 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر، قېلىنلىقى 0.5 مېتىر كېلىدىغان ئالتۇن ئىشىك بار. كەئبىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كۆكتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ”ھەجەرۇل ئەسۋەد“، ”مۇقەددەس تاش“، ”قارا تاش“ دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ، ئۇنىڭ دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تەرتىپسىز ئېللىپس شەكىللىك بۇ سىلىق تاشنىڭ يۈزىدە دەز بولۇپ، كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان كۈمۈش ياپراقچە بىلەن تېڭىپ قويۇلغان. كەئبە يوپۇق بىلەن ئورالغان بولۇپ، يوپۇق يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ. كەئبىنىڭ ئىچىگە قويۇلغان ئۇد ياغىچىدىن ياسالغان ئۈچ تۈۋرۈك كەئبىنىڭ تورۇسىنى تىرەپ تۇرىدۇ، يەرگە مەرمەر تاش



ياتقۇزۇلغان. كەئبىنىڭ يېنىدا مەقامى ئىبراھىم تۇرغان ئورۇن، زەمزەم بۇلىقى، ھەيۋەتلىك ئەزان مۇنارى ۋە سافا-مەرۋە ئارىلىقىدا ماڭىدىغان كارىدور بار.

پەيغەمبەر مەسچىتى يەنە ''مەدىنە مەسچىتى''دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەسچىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن 622-يىلى 9-ئايدا سېلىنغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىككىنچى چوڭ مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر مەسچىتى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىش ۋە رېمونت قىلىنىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقى 52.5 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر كېلىدىغان، سېلىنىشى ئاددىي، يەرگە تاش ياتقۇزۇلغان، تاملىرى كېسەكتىن سېلىنغان، لىم ۋە تۈۋرۈكلىرىگە خورما ياغىچى ئىشلىتىلگەن، خورما شاخلىرى ۋە لاي بىلەن يېپىلغان مەسچىتتىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى كۆلىمى 160 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان، ئەزان مۇنارلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 70 مېتىر كېلىدىغان، قۇرۇلمىسى پۇختا، ھەيۋەتلىك، ئىچى-تېشى كۆركەم زىننەتلەنگەن، سىغىمى چوڭ، غايەت كاتتا مەسچىتكە ئايلاندى. مەسچىت مېھرابى ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن تارىخىي ئىزلار بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردە ناماز ئوقۇغان بولغاچقا، مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازگاھى'' دەپ يېزىلغان؛ سول تەرىپىگە ''ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى'' دەپ يېزىلغان؛ ئالدى تەرەپكە بولسا ﴿ بىز سېنىڭ (كەئبىنىڭ قىبلەڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. نامازدا يۈزۈڭنى ھەرەم مەسجىدى تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار، نامازدا يۈزۈڭلارنى ھەرەم مەسجىدى تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن بىخەۋەر ئەمەس ﴾ [''بەقەرە'' سۈرىسى، 144-ئايەت] دېگەن ئايەت يېزىلغان. مەسچىتنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى

شەرق تەرىپىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسى بار بولۇپ، مىس رەشاتكىلار ئارقىلىق نامازگاھتىن ئايرىۋېتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ قەبرىسى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنىڭ يېنىدا يەنە قىزى فاتىمەنىڭ قەبرىسى بار.


ئەقسا مەسچىتى ئەرەبچىدە "مەسجىدىل ئەقسا" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈنجى قىبلىسى، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۈچىنچى چوڭ مۇقەددەس مەسچىتتۇر. ئەقسا مەسچىتىنىڭ نامىمۇ قۇرئاندىن كەلگەن.

﴿ ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇركى، ئۇ ئۆز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە ھەرەم مەسجىدىدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسجىدىگە كەلتۈردى ﴾ {"ئىسرا" سۈرىسى، 1 ـ ئايەت}.

621 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇراققا مىنىپ، مەككىدىن 1200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېرۇسالىمغا كېلىپ، مۇشۇ يەردىن ئەرشكە ئۆرلىگەن، مىئراج كېچىسى يەتتە قات ئاسماندىن ئۆتۈۋاتقاندا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن، جەننەت بىلەن دوزاخنى ئەينەن كۆرگەن ھەمدە ئاللاھنىڭ بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش توغرىسىدىكى ئەمرىنى ئېلىپ قايتقان. ئەقسا مەسچىتى ئېرۇسالىمنىڭ شەرقىي رايونىدىكى كونا شەھەرنىڭ شەرقىدىكى شەرىف دېگەن يەرنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان. 705 ـ يىلى ئۇمەييە خانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان بۇ مەسچىت قۇرۇلۇشىنى باشلىغان، 4 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملىغان، كېيىن بۇ مەسچىت يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان. 932 ـ يىلى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 19 ـ خەلىپىسى ئەبۇل مەنسۇر مۇھەممەد قاھىر نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ بۇ مەسچىتنى قايتا بىنا قىلغان، ھۈنەرۋەنلەر مەسچىت ئۇلىغا قورام تاشلارنى بېسىپ، مەسچىتنى تېخىمۇ

پۈختىلا ۋە مەزمۇت ياسىغان. 11 ـ ئەسىردە مەسچىتنىڭ ئەسلىدىكى ئۆلى ئاساسىدا قۇببە چىقىرىلغان، نامازگاھنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىرغا، كەڭلىكى 36 مېتىرغا، ئېگىزلىكى 88 مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن، 102 تۈۋرۈك قويۇلغان. ئەقسا مەسچىتى ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم بىناكارلىق ئەسىرىدۇر. ئەقسا مەسچىتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى 300 مېتىر يىراقلىقتا ”سەخرە“ مەسچىتى بار، ”سەخرە“ ئەرەبچىدە ”قورام تاش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورام تاشقا دەسسەپ مىئراجغا چىققان.

﴿ ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇركى، ئۇ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە ھەرەم مەسچىدىدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسجىدىگە كەلتۈردى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ﴾ {”ئىسرا“ سۈرىسى، 1 ـ ئايەت}.



5 - 21 ـ رەسىم: ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتى





ISLAMIC ART

جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشتىكى ئۇزۇنلۇقى 17.7 مېتىر، شەرق ـ غەرب يۆنىلىشتىكى كەڭلىكى 13.5 مېتىر كېلىدىغان بۇ قورام تاش نامازگاھ گۈمبىزىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان. سەخرە مەسچىتى ئۇمەييە خانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇل مەلىكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 691 ـ يىلىدىن 694 ـ يىلىغىچە بىنا قىلىنغان. مەسچىتنىڭ سىرتقى تېمى سەككىز تەرەپلىك شەكىلدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 20.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 9.5 مېتىر كېلىدۇ، نامازگاھنىڭ ئۈستىدىكى قۇببىنى 16 تۈۋرۈك تىرەپ تۇرىدۇ. قۇببىنىڭ چۆرىسى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراجغا چىققانلىقى ھەققىدىكى ئايەت يېزىلغان. قۇببىنىڭ سىرتقى يۈزى تاياقسىمان كاتەكچىلەرگە ئايرىلىپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلىپ، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پارلاق كۈن نۇرىدا بۇ قۇببە ئالتۇندەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.


ئەقسا مەسچىتىنىڭ ھويلىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراجغا چىققانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى شىپاڭ ۋە ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورلار ياسالغان.



## ئوردا ـ ساراي ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى

## 53. ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئوردا ـ سارايلار قايسىلار؟


جۇڭگو قەدىمكى بىناكارلىقىنىڭ جەۋھىرى ئوردا ـ سارايلاردۇر، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ جەۋھىرى ئوردا ـ ساراي ئەمەس، بەلكى مەسچىتلەردۇر. شۇڭا، ئەرەب ئەللىرىدە تارىختىن قالغان ئوردا ـ سارايلار كۆپ ئەمەس. ئەڭ دەسلەپكى ئوردا ـ ساراي ئۇمەييە خانلىقى دەۋرىدە سېلىنغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ھۆكۈمدارلار ئەمىنلىككە ئېرىشىپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشكە باشلىغان. ئۇلار "قۇرئان كەرىمدە تەسۋىرلەنگەن جەننەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى شادلىق بېغى ۋە ئارزۇسى" دەپ قارىغان.



22 ـ رەسىم: قاھىرەدىكى سالاھىددىن قەلئەسىگە جايلاشقان مۇھەممەد ئەلى مەسچىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تەقۋادارلار چوقۇم بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنى مۇشۇنداق ھۆرمەتلەيمىز، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار جەننەتتە خاتىرجەم ھالدا ھەرخىل مېۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىكى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ ﴾ [”دۇخان“ سۈرىسى، 51 ـ 56 ـ ئايەت].




5 - 23 ـ رەسىم: ئايرىم ياسالغان بالكوننىڭ ياغاچ نەقىشلىك دېرىزىسى

﴿ تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇ ئۆستەڭلىرى، تەمى ئۆزگەرمەيدىغان سۈت ئۆستەڭلىرى، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شاراب ئۆستەڭلىرى ۋە ساپ ھەسەل ئۆستەڭلىرى بولىدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، بۇنداق تەقۋادارلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ ئۈچەيلىرى پارچە ـ پارچە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ﴾ [”مۇھەممەد“ سۈرىسى، 15 ـ ئايەت].



ISLAMIC ART

خەلپىلەر قول ئىلكىدىكى ھوقۇق ۋە بايلىقتىن پايدىلىنىپ پانىي دۇنيادىكى جەننەتنى ۋە راھەت ـ پاراغەت بېغىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشىپ، ”قۇملۇق ئوردىسى“، ”سەھرا ئوردىسى“ دېگەندەك ئوردا ـ سارايلارنى سالدۇرغان.



5 - 24 ـ رەسىم: ئىككى ئۆي ئارىسىغا ياسالغان بالكوننىڭ ياغاچ نەقىشلىك دېرىزىسى

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئوردا-ساراي ئىمارەتلىرىدە مەسچىت، هامام، قازناق، ئىستىراھەت ۋە ئويۇن-تاماشا سورۇنى دېگەندەك ئۆي-ئەسلىھەلەر بولىدۇ؛ قۇملۇق كىلىماتىغا ماسلىشىش، ئىسسىقتىن ساقلىنىش، يۇقۇملۇق ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن دېرىزىلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ بىخەتەرلىك ئۈچۈن تاملىرى قېلىن، ئېگىز ياسىلىدۇ؛ ئوردا ئىچى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزىلىدۇ، ئادەتتە بىر ياكى ئىككى قەۋەت بولىدۇ، بەزى ئوردا-سارايلارغا ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيە سەنئەت ئۇسلۇبىمۇ قوللىنىلىپ، ئوردىغا فونتان، كۆلچەك ياسىتىلغان، باغلىرىغا ياپيېشىل دەل-دەرەخلەر ۋە گۈل-گىياھلار تىكىلىدۇ. مەشھۇر ئوردىلاردىن مۇئاۋىيە ئوردىسى (”يېشىل ئوردا“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مۇقەجىر ئوردىسى، ئەندەلۇسىيەدىكى گىرنادا قىزىل ئوردىسى، دەمەشقتىكى ئەزەم ئوردىسى قاتارلىقلار بار.

## 54. ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قەلئەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟




قۇملۇقتا قەلئە سېلىش ئاسان ئىش ئەمەس. كۆچمەن ئەرەبلەر ۋىزانتىيە، ئەھلىسەلىپ، چىڭگىزخان ۋە تۇغلۇق تېمۇر قوشۇنلىرى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلغاچقا، ئەرەب ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىرى قەلئەنى مۇستەھكەم سېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. مىسىر ۋە سۈرىيەدىكى سالاھىددىن قەلئەسى ئەڭ مەشھۇر قەلئە ھېسابلىنىدۇ.

سالاھىددىن ئەييۇبى (1138—1193) كۇرد مىللىتىدىن بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمان ۋە مىللىي پەخرىدۇر. سالاھىددىن 8 يېشىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ئىراقنىڭ شىمالىدىكى تىكرىتتىن سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ ئىككى قېتىم مىسىرغا قوشۇن تارتىپ، ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان ھەمدە 1187-يىلى شەرققە يۈرۈش قىلغان قۇدرەتلىك ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ ئېرۇسالىمنى ئازاد قىلغان، سالاھىددىن ئەييۇبى 1193-يىل 3-ئاينىڭ 4-كۈنى سۈرىيەدە

www.uyghurkitap.com

ئالەمدىن ئۆتكەن.


ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى 1164 ـ يىلدىن 1169 ـ يىلغىچە مىسىرنى بېسىۋالغاندا، 26 ياشلىق سالاھىددىن ئەييۇبى بۇيرۇقى بىلەن مىسىرغا يۈرۈش قىلغان ھەمدە ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، مىسىرنىڭ زېمىنىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەرەب قوشۇنىنىڭ ئالىي قوماندانىغا ئايلانغان. 1171 ـ يىلى ئۇ فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ئەييۇب سۇلالىسىنى قۇرغان ھەمدە ئۆزى سۇلتان بولۇپ، سالاھىددىن قەلئەسىنى سالدۇرغان. سالاھىددىن قەلئەسى قاھىرەنىڭ شەرقىدىكى مۇقاتتام داۋىنىغا جايلاشقان، قەلئەنىڭ ئىچى چوڭ، سېپىلىنىڭ ئۈلى چوڭقۇر، ئىچكى قەلئە ۋە تاشقى قەلئەدىن تەركىب تاپقان. قەلئەنىڭ ئىچىگە ئوردا بىلەن مۇھەممەد ئەلى مەسچىتى سېلىنغان، مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، مىسىردىكى بىردىنبىر داڭلىق ئىسلام بىناكارلىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسچىتنىڭ شەكلى ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە جامەسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەر: ”بۇ ئىككى مەسچىتنىڭ لايىھەسى ئوخشاش، شۇغىنىسى مىسىردىكى مۇھەممەد ئەلى مەسچىتى سەل كىچىك“ دېيىشىدۇ. قەلئەنىڭ ئالدى چىملىق، قەلئە سېپىلى تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسى شېغىل ۋە چاقماق تېشى بىلەن تولدۇرۇلغان، قەلئەنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سېپىلنىڭ بۇرجىكىگە يۇمىلاق پوتەي ۋە كۆنگۈرە چىقىرىلغان، قەلئە تېمىغا



5 - 25 ـ رەسىم: ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى مەدرىسە ۋە دەرسخانا

يەنە ئوقيا ئېتىش تۆشۈكى، قەلئەگە كىرىش ئېغىزى قالدۇرۇلغان.

ئەھلىسەلىپ قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلغان قەھرىمانىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سۈرىيەدىمۇ سالاھىددىن قەلئەسى بىنا قىلىنغان. بۇ قەلئە لادقىيە شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەرگە 55 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ ئۈستىگە جايلاشقان، يەر كۆلىمى 5.5 گېكتار كېلىدۇ، ئىچىدە مەسچىت ۋە ئوردا ـ سارايلار بار، بۇ ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلارغا سالغان قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تىپىك ئۆلگىسىدۇر.



5 - 26 ـ رەسىم: ماراكەشتىكى ساخالىج مەكتىپىدىن بىر كۆرۈنۈش


## 55. مۇسۇلمانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ۋە مەدرىسەلەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنى جەننەتتىكى بىر گۈزەل باغچىغا ئوخشىتىپ ياساشقا ئىنتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى توغرىسىدا مۇنداق ئايەتلەر بار:

﴿ ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىماي ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمەي كىرمەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن

ياخشىدۇر. ئۇمىدكى، سىلەر (ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ) نەسىھەت ئالغايسىلەر، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، دەرھال قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ {"نۇر" سۈرىسى، 27-، 28-ئايەت}.

باي ئائىلىلەر ئۆي سالغاندا چىرايلىق سېلىشقا، ئەر-ئايال مېھمانلارنى ئايرىم ئۆيدە كۈتۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرىدا چوڭ دەرۋازا، دەرۋازىۋەن ئۆيى، ھويلا، ئىچكى ھويلا، ھۇجرا ۋە مېھمان كۈتۈش ئۆيى بولىدۇ. ياتاق ئۆيلەردە ناماز ئوقۇيدىغان ۋە تاھارەت ئالىدىغان جايلىرى بولىدۇ. ھويلىدا ئادەتتە ئىشلەمچىلەر ياتىقى ۋە ئات ئېغىلى بولىدۇ.



5 - 27-رەسىم: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى شارجا مەدەنىيەت شەھەرچىسى

مىسىرنىڭ بالكون چىملىدىقى سەنئىتى ئۇلتۇراق ئۆي بىناكارلىقىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. كەڭ بالكونغا نەقىشلىك چىملىداققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغاچ رىشاتكا ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىپ ياپقىلى بولىدىغان كۆزنەك قالدۇرۇلىدۇ. بۇ نەقىشلىك چىملىداق يەنە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ چۈمبىلىگە ئوخشايدۇ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئادەم سىرتتىكى مەنزىرىلەرنى بىمالال كۆرەلەيدۇ، ئەمما تېشىدىكى ئادەم ئۆينىڭ ئىچىنى كۆرەلمەيدۇ. رىشاتكىدىكى كۆزنەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئۇششاق ئېلىپ-ساتارلار كوچىدا ۋارقىراپ مال ساتىدۇ، ئۆي ئىگىسى ئارغامچىغا سېۋەتنى باغلاپ پەسكە ساڭگىلىتىپ مال سېتىۋالىدۇ، بۇنداق سودا قىلغاندا ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بۇ يەنە ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەممىي، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى مەدرىسەلەر مەسچىتتە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەسچىت بىناكارلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، قۇرئان كەرىمدە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار، مەسىلەن:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرى ھەقىقەتتىن چەتلەپ كەتكەن كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۇرۇش مەقسىتىدە، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدە يېتىشكەنلەر: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان» دەيدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا نەسىھەت ئالىدۇ﴾ [''ئال ئىمران''، 7-ئايەت].

﴿ ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سورۇندا بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگمۇ كەڭ

ئورۇن بېرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار. ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ {"مۇجادەلە" سۈرىسى، 11-ئايەت}.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾ {"نىسا" سۈرىسى، 162-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: "ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز"، "بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم ئۆگىنىڭلار" دېگەن. 1065-يىلىدىن 1067-يىلىغىچە باغدادتا نىزامىيە مەدرىسەسى قۇرۇلغان، 1233-يىلىدىن 1245-يىلىغىچە دەمەشىقتە ساھىبە مەدرىسەسى قۇرۇلغان، داڭلىق مەدرىسەلەردىن يەنە 1233-يىلى باغدادتا قۇرۇلغان مۇستەنسىرىيە مەدرىسەسى، مىسىردىكى ئادىيات مەدرىسەسى قاتارلىقلار بار.




www.uyghurkitap.com


ئالتىنچى باب

# مۇسۇلمانلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتى


ئىسلام شەرىئىتىدە بۇتقا چوقۇنۇش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغلۇم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر» دېگەن ئىدى ﴾ {“لۇقمان” سۈرىسى، 13-ئايەت}.





6 - 1-رەسىم: ئىستانبۇللۇق خەتتات ئەمىن بارىن جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسىدا يازغان يۇملاق تەسمىيە. ئۇ بۇ ئەسەردە “مۇسۇلمانلار قەلبداش” دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.





6 - 2 - رەسىم: ھەج-تاۋاپتىن قايتقان ھاجىلارنى قارشى ئېلىش. مىسىر يېزىلىرىدا ھەج-تاۋاپتىن قايتقان ھاجىلار كېلىشتىن ئاۋۋال يۇرتداشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا رەسىم سىزىپ، ئۈستىگە ئايەت، ھاجىلارنىڭ ئىسمى، ھەج-تاۋاپ قىلغان ۋاقتى، تەبرىك ۋە تىلەك سۆزلىرىنى يېزىپ قويىدىغان ئادەت بار. ھاجىلار كېمە-پاراخوتتا يولغا چىققان بولسا پاراخوتنىڭ رەسىمىنى، ئايروپىلاندا ماڭغان بولسا ئايروپىلاننىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىمكى ھەج-تاۋاپ قىلىپ، ھەج جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزمىسە، گۇناھ سادىر قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك ھالەتتە ئۆيىگە قايتىدۇ“ دېگەن. ھاجىلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا سىزىپ قويۇلغان قارشى ئېلىش رەسىمى ھاجىلارنى ھەر ۋاقىت ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ، ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنى ھەر قانداق شەكىلدىكى سۈرەت ۋە ھەيكەلنى مۇتلەق رەت قىلىدۇ، مۇسۇلمان سەنئەتكارلار بۇ قاتتىق تەلەپ ۋە نىزامغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، كۈچلۈك تەسەۋۋۇرى ۋە مول ئىجادىيەت كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، سەنئەت قەسرىنىڭ يېڭى ئىشىكىنى ئاچتى. 632-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى دۇنياغا تارقىتىشنى باشلىغاندىن كېيىن بولسۇن ياكى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت تازا گۈللەنگەن ئابباسىيلار سۇلالىسى، قۇدرەتلىك ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بولسۇن، تەقۋادار مۇسۇلمان سەنئەتكارلار شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ كەلدى، مانا مۇشۇنداق تەقۋادارلىق ۋە قەتئىي ئىزدىنىش روھى بولغاچقا، ئىسلام

دۇنياسى سەنئەت ساھەسىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى ۋە كىشىلەرنى قايىل قىلدى.

ئەرەب يېزىقىنى باشقا يېزىقلارغا باققاندا نەقىش شەكلىگە كەلتۈرۈش ئاسان بولغاچقا، مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئارزۇ-ئارمىنى ۋە تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل ئىستەكلىرىنى ھۆسنخەت ۋە نەقىشلەرگە سىڭدۈرۈپ، تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىققا، ئېتىقادىنى ھېسسىياتقا، ئەقىل-ھېكمەتنى ئېستېتىكىلىق ئىپادىلەش شەكلىگە ئايلاندۇرغان.



6-3-رەسىم: ئىرانلىق خەتتات جېلىل رەسۇل 1986-يىلى سىزغان ماي بوياق رەسىم. ئۇستىگە ”بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق“ دەپ يېزىلغان.




ئىسلام دىنىدا رەسىم ۋە ھەيكەللەر چەكلىنىدۇ


## 56. ئىسلام دىنىدا نېمىشقا رەسىم ۋە ھەيكەللەر چەكلىنىدۇ؟

ئىسلام دىنى تەۋھىد دىنىدۇر، ”ئىسلام“ دېگەن سۆز ئەرەبچىدە ”بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ”بىرلا ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئاللاھ بۇيرۇغانني قىلىپ، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش“ دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ”مۇسۇلمان“ دېيىلىدۇ، بۇ ”بويسۇنغۇچى“ دېگەن مەنىدە. ئىسلام دىنىنىڭ نامى قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر.

كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾ {"ئال ئىمران" سۈرىسى، 19 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتتىن كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 610 ـ يىلى، يەنى 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى مەككىدە ئاللاھتىن ۋەھيى ئالغان، "بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق" دېگەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى جاكارلاپ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغان، ئۇلارغا خۇش خەۋەر بەرگەن، ئازغۇچىلارنى توغرا يولغا باشلىغان.



6 - 4 ـ رەسىم: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكلىك خەتتات مۇھەممەد مەندى ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن پايدىلىنىپ سىزغان بەيتۇللاھ ئەتراپىدىكى ناماز مەنزىرىسى. ئۆلچىمى: 80×90cm. بەيتۇللاھ ھەرەم مەسچىتىدىكى كەئبىنى كۆرسىتىدۇ. كەئبە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىبلىسى ۋە ھەج ـ تاۋاپ مەركىزى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ھەقىقەتەن، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي (بەيتۇللاھ)دۇر ﴾ {"ئال ئىمران"سۈرىسى، 96 ـ ئايەت}. ھەج ـ تاۋاپ ئىسلامدىكى بەش پەرزنىڭ بىرىدۇر، ھەر يىلى مىليونلىغان مۇسۇلمانلار مەككىگە يىغىلىپ، يىلدا بىر كېلىدىغان ھەج پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلار ياش، ئىرق، مىللەت ۋە تىل پەرقىگە قارىماي ئوخشاش ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ. مۇھەممەد مەندى لايىھەلىگەن بۇ ئەسەر روشەن خاسلىقى، يۈكسەك پارلاقلىقى، نەپىسلىكى ۋە ئىستېرېئولۇقى ئىگە بولۇپ، خەتتاتلىق ماھارىتى قالتىس، تەسەۋۋۇرى مول، قۇرۇلمىسى ئەپچىل.



6- 5 - رەسىم: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكلىك خەتتات مۇھەممەد مەندى يازغان ئىككى ئايەت: ﴿ و ما ينطق عن الهوا ان هو الا وحى يوحى ﴾ ( ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ ) {"نەجم" سۈرىسى، 3 ـ ، 4 ـ ئايەت}. بۇ ھۆسنخەتتە مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرنىڭ ئۆلچىمى: 70×100cm. مەدىنە مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى پايتەختى، پەيغەمبەر مەسچىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى مۇقەددەس يېرى، مەككىگە 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. 622 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مەدىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ دىن، سىياسىي مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. مەدىنە ئىسلام دىنى تارىخىدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، "تىنچلىق شەھىرى، نۇرلۇق شەھەر، نۇسرەت شەھىرى" دېگەن گۈزەل ناملىرى بار. پەيغەمبەر مەسچىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسى بار، ھەر يىلى مەككىگە ھەج تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ھاجىلار مەدىنەگە بېرىپ مەزكۇر مەسچىتتە ناماز ئۆتەيدۇ ۋە بۇ مۇبارەك مەقبەرىنى زىيارەت قىلىدۇ.

622 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان ھەمدە مەدىنەدە دىن بىلەن سىياسىي بىرلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇقىملىقىغا پۇختا ئاساس سالغان ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشى ۋە مىسلىسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان، 632 ـ يىلى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

ئىسلام دىنى كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج ـ تاۋاپ قىلىشتەك بەش چوڭ ئاساس ئۇستىگە قۇرۇلغان دىندۇر.

كەلىمە شاھادەت ئېيتىش بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى دېيىشتۇر. ناماز ئوقۇش — ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش دېمەكتۇر؛ روزا تۇتۇش — رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش دېمەكتۇر؛ زاكات بېرىش — مال-دۇنياسى مەلۇم مىقدارغا يەتسە يىلدا بىر قېتىم پېقىر-مىسكىنلەرگە بەلگىلىك مىقداردا پۇل-مال ئايرىش دېمەكتۇر؛ ھەج-تاۋاپ قىلىش — قۇدرىتى يەتسە ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىش دېمەكتۇر. بۇلار ھەر بىر تەقۋا مۇسۇلمان جەزمەن ئىشىنىدىغان ھەم ئەمەل قىلىدىغان پەرز ئەمەللەردۇر. ئىسلام دىنىدا يەنە ئاللاھقا ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، تەقدىرگە ئىشىنىش ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىشتەك ئالتە ئىمان بار، بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىسلام دىنىدا بۇتقا چوقۇنۇش قەتئىي چەكلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تەۋراتتىن ئىلىم بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كافىرلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن ﴾ [''نىسا'' سۈرىسى، 51-، 52-ئايەت].

قۇرئان كەرىمدىكى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئايەتلەر تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئادەم ۋە باشقا تىرىك جانلىقلارنىڭ رەسىمىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنى سىزىشنىڭمۇ چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ'' («سەھىھۇل بۇخارى»)، ''قىيامەت كۈنىدە جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان، ھەيكىلىنى ياسىغان ئادەملەرگە ئېغىر ئازاب بار'' («سەھىھۇل

بۇخارى») دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بۇ دۇنيادا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزغۇچىلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا شۇ جانلىقلارغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ، ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئازاب قىلىنىدۇ."

## 57. مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساشتىن چەكلىنىدۇ؟

ISLAMI ART

ئىسلام دىنى تەۋھىد دىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى بۇت-سەنەمگە چوقۇنۇشتىن ساقلاش، ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن، ھەتتا ئۇلۇغلىغان ئوبرازلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ياكى ھەيكىلىنى ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئېزىپ كېتىشتىن توسۇش ئۈچۈن جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە ھەيكىلىنى ياساش چەكلەنگەن.


ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى جاھالەت دەۋرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەر ئاساسەن لات، ئۇززا، مانات دېگەن ئۈچ ئايال بۇتقا چوقۇناتتى. 630-يىل رامىزاننىڭ 20-كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ مەككىنى فەتىھ قىلدى؛ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، (ئىسلامدىن ئىبارەت) «ھەقىقەت كەلدى، ئەمدى باتىل (بىرەر نەرسىنى) پەيدا قىلالمايدۇ، ئەسلىگىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ {"سەبەئ" سۈرىسى، 49-ئايەت} دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى؛ جامائەتكە باشچىلىق قىلىپ، كەئبىنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئايال بۇت باشلىق 360 بۇتنى چېقىپ تاشلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كەئبە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى.

## 58. ئىسلام دىنىدا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە ھەيكىلىنى ياساشنىڭ چەكلىنىشى سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى، تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى، جۇشقۇن روھى ۋە

كۆچلۈك ئىرادىسى بىلەن، ئىسلام سەنئىتىگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە نەقىش سەنئىتى ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلىگەن؛ ئېتىقادلىق، ۋىجدانلىق، غۇبارسىز قەلبى بىلەن ئاجايىپ رەڭدار، گۈزەل نەقىشلەرنى ئىجاد قىلغان؛ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىر جۈپ چېۋەر قولى بىلەن خىلمۇخىل، نەپىس، مەردانە ھۆسنخەتلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەتتاتلىقنى دۇنيا سەنئەت بېغىدىكى تەسىرى كۈچلۈك سەنئەت نەمۇنىسىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە زوق بېغىشلىغان. ئۇلار خەتتاتلىق بىلەن نەققاشلىقنى مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا تولۇق سىڭدۈرۈپ، مەسچىتلەرنى كۆركەم زىننەتلىگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرگەن؛ ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ھۈنەر ـ سەنئەت، بېزەكچىلىك، ئەينەكچىلىك، ساپالچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا تولۇق سىڭىپ كىرىپ، دۇنيا سەنئىتىنىڭ بىباھا گۆھىرىگە ئايلانغان.

ئىسلام دىنىدا بۇتقا چوقۇنۇش، رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساش چەكلەنگەچكە، ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، نەپىس ئەرەبچە ھۆسنخەت ۋە تەكشى كىرىشتۈرۈلگەن گۈزەل ئىسلامى نەقىشلەر ئارقىلىق بېزەكچىلىك ۋە زىننەتچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىسلام سەنئىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز كۆركىنى دۇنيا ئەھلىگە نامايان قىلغان.




6 ـ 6 ـ رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ساۋاش چەۋىك "ع" ھەرپىدىن پايدىلىنىپ سىزغان چەمبەر



www.uyghurkitap.com



6 - 7 ـ رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ساۋاش چەۋىك ”و“ ھەرپىدىن پايدىلىنىپ سىزغان قولۋاق




6 - 8 ـ رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ساۋاش چەۋىك ”و“ ھەرپىدىن پايدىلىنىپ سىزغان چەمبەر






6 - 9 ـ رەسىم: ئىراقلىق سەنئەتكار خالىد سائا 2006 ـ يىلى سىزغان ماي بوياق رەسىم . «جەننەت ئەتراپىدا»


www.uyghurkitap.com




6 ـ 10 ـ رەسىم: سۈرىيەلىك خەتتات مۇھەممەد ھۇنۇن سىزغان ماي بوياق رەسىم ـ «مۇھەببەت»



6 ـ 11 ـ رەسىم: بەيتۇللاھ. رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ﴿ قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى ﴾ [''ئال ئىمران'' سۈرىسى، 97 ـ ئايەت] دېگەن ئايەت يېزىلغان.




6 ـ 12 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق خەتتات ئەمىن بارىن''محمد'' (مۇھەممەد) دېگەن كەلىمىنى تەكرار يېزىپ، ''مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى بىر تۇتاش'' دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.




6 - 13-رەسىم: ئىستانبۇللۇق خەتتات ئەمىن بارىن "الله" دېگەن كەلىمىنى تەكرار يېزىپ، "ئۇلۇغ رەببىم ئاللاھقا ئۈزلۈكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن" دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.








6 - 14-رەسىم: ئابدۇلھەكىم ھەلەبى لايىھەلىگەن ئاسما گىلەم نەقىشى. چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇملاق پاراللېل كۇفى خەت نۇسخىسىدا "تەسمىيە" يېزىلغان. چېكىپ سىزىلغان بۇ رەسىم سىلىق ھەم مەزمۇنلۇق، سىزىقچىلار تىك، قىرلىق ھەم مەزمۇت بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. پاراللېل كەلتۈرۈپ دەستىلەنگەن "ب"، "س" ۋە "م" ھەرپلىرى بىر چەمبەرنى شەكىللەندۈرگەن، ئىچىدىكى "ا" ۋە "ل" ھەرپلىرى تەكچۈك ھالەتتە يانمۇيان، قاتمۇقات تۇرغۇزۇلغان، تۆت بۇرجىكى ئۆسۈملۈك نەقشى بىلەن زىننەتلەنگەن.




6 - 15 - رەسىم: ياپونىيەلىك خەتتات فۇئاد كوئىچى خوندا سىزغان نەقىش. ئوتتۇرىسىغا ﴿ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يورۇتقۇچىدۇر... ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىغان كىشى ھەرگىز نۇرغا (يەنى ھىدايەتكە) ئېرىشەلمەيدۇ... ئاللاھ ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر ﴾ {"نۇر" سۈرىسى، 35—45 - ئايەت} دېگەن ئايەتلەر يېزىلغان. ئاپتور ئەسەردە كۆچلۈك تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىپ، ئايلىنىۋاتقان پىلانېتانى تەسۋىرلىگەن. ئۇڭ تەرەپ ئاستىدىكىسى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رەسمى.



ISLAMIC ART



6 - 16 - رەسىم: 17 - ئەسىردە تۈركىيەلىكلەر سىزغان "نۇھ كېمىسى". رەسىمنىڭ ئۈچ يېرىدىكى ئەرەبچە خەت ﴿ نۇھ ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ﴾ {"ھۇد" سۈرىسى، 41 - ئايەت} دېگەن مۇكەممەل ئايەتتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئېيتقان دۇئاسى مۇسۇلمانلارنى ئەزەلدىن تەسىرلەندۈرۈپ كەلگەن، تۈركىيەلىكلەر بۇ ھېسسىياتنى سەنئەتلىك شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن.





6 - 17- رەسىم: كېمە شەكىللىك هۆسنخەت



6 - 18- رەسىم: لىۋانلىق سودىگەر، خەتتاتلىق ھەۋەسكارى مۇھەممەد ۋالىد نەسۇھا دايا كۇفى خەت ئۇسلۇبىدا مەسچىت شەكلىگە كەلتۈرۈپ يازغان ”تەسمىيە“






6 - 19- رەسىم: كۇۋەيتلىك ئۇستىكار فاھىد ئەلى كۇۋەيتنىڭ سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشى بولغان كۇۋەيت مۇنارىنى ئاساسەن لايىھەلىگەن ئەسەر—”كل عم و انتم بخير“ (بېيگى يىللىڭلارغا مۇبارەك)


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





6 ـ 20 ـ رەسىم: قەھۋە چەينىكى ئۈستىگە يېزىلغان﴿ ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر ﴾{"تەغابۇن" سۈرىسى، 1 ـ ئايەت} دېگەن ئايەت






6 ـ 21 ـ رەسىم: 1999 ـ يىلى لىۋانلىق رەسسام ئەمىن ھۈسەيىن مۇئاز جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسىدا يازغان كېمە شەكىللىك ھۆسنخەت. ﴿ نۇھ ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ﴾{"ھۇد" سۈرىسى، 41 ـ ئايەت}.


## ئىسلام رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 59. ئىسلام سەنئىتىدە ھۆسنخەت ئارقىلىق رەسىم قانداق سىزىلىدۇ؟

ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە ھەيكەل ياساش چەكلەنگەن. شۇڭا، تەقۋادار مۇسۇلمانلار شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى گۈزەل سەنئەت رەسىملىرىنى سىزمىغان، ئۇلار خەتتاتلىق بىلەن نەققاشلىقنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىنى تەسۋىرلىگەن ھەم ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن.








6 ـ 22 ـ رەسىم: (سولدىكى رەسىم) ئوسمانلىق سەنئەتكار مۇھەممەد بىن ئابدۇللا ئىسمائىل سىزغان ماي بوياق رەسىم. كۆك تەگلىككە ئاق رەڭدە يوغان چېكىت قويۇلغان، "چېكىت" ئەرەب ھەرپلىرىنى ئۆلچەيدىغان مىزان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ بۆلگۈچىسى. 28 ئەرەب ھەرپىنىڭ يېرىمى چېكىتلىك، يېرىمى چېكىتسىز.

6 ـ 23 ـ رەسىم: (ئوڭدىكى رەسىم) مۇھەممەد فازىل ھۈسەيىننىڭ ئەسىرى

ھۆسنخەتلىك رەسىم ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. ساپ ھەرپلىك رەسىم:** ئەرەبچىدە 28 ھەرپ بار، قۇرئان كەرىم ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن. قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر ھەرپ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەستۇر. شۇڭا، مۇسۇلمان سەنئەتكارلار ئەرەب ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل نەپىس رەسىملەرنى سىزغان. يەنە بىر خىلدا بولسا، سەنئەتكارلار ئۇرغۇنلىغان ھەرپلەرنى تەرتىپسىز يېزىپ، قاتمۇقات رەڭ بېرىپ رەسىم شەكىللەندۈرگەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئالاھىدە بىر خىل شەكىل بولۇپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە ئۆزگىچە يول ئاچقان مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساپ ھەرپلىك رەسىم ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىدە، سەنئەتكارلار بىرلا ھەرپنى تەكرار يېزىش ئارقىلىق رەسىم شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنداق رەسىم سىزىش خەتتاتلىققا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا قائىدە-ئۆلچىمى قاتتىق بولىدۇ، قەلەم ئويناق، ئەمما دەل جايىغا چۈشىدۇ؛ خەتنىڭ كۆركەم، گۈزەل ۋە تەسۋىرچانلىقى يۇقىرى بولۇشىغا، پاكىز، چىرايلىق يېزىلىشىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بەربىر رەسىم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمىگە يېتىش ئۈچۈن قۇرۇلمىسى، شەكلى، رەڭگى ۋە ھالەت تەسۋىرىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

**2. كۆپ ھەرپلىك رەسىم:** بۇ بىر جۈملە ئايەت ياكى ھېكمەتلىك



6 - 24 - رەسىم: تۈركىيەلىك خەتتات ئابدۇللا بىن ئىسمائىل (؟—1787) ئۆزىنىڭ شېئىر دىۋانىغا سىزغان قىستۇرما رەسىم. بۇ دىۋاننىڭ ئۆلچىمى 11.6×16.5cm بولۇپ، جەمئىي 90 بەت، ھازىر تولۇق نۇسخىسى يوق.

سۆزدىن تۈزۈلگەن رەسىمدۇر. بۇ خىل رەسىملەردىكى ھەرپلەر مەلۇم مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، رەسساملىڭ ئىستېتىك خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى زور بولىدۇ. بۇنداق كۆپ ھەرپلىك رەسىم ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىدە، ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە بىلەن رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، سەنئەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ يەنە بىرىدە، رەسىمنىڭ كۆچمە مەنىسى بىلەن رەسىمنىڭ باغلىنىشى بولىدۇ.



6 ـ 25 ـ رەسىم: ئىستانبۇلدىكى خەيرىيە شەرىق مەسچىتىدە ساقلانغان، ئىچىدە كەئبە مەنزىرىسى بار قىستۇرما رەسىم، سىزىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس.

**3. تەسۋىرىي رەسىم:** بۇ خىل رەسىملەردە نەقىشلەرگە رەڭ بېرىش ئارقىلىق مەلۇم ئۇقۇم ۋە چوڭقۇر مەنە ئىپادىلىنىپ، سىزىش ئۇسلۇبى مۇرەككەپ، رەڭدار مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدۇ ھەمدە كۆپ خىل ۋە ئۆزگىچە ژانىر يارىتىلىدۇ. بۇنداق ئېستېتىك ئوبراز ۋە ئېستېتىك غايە تەسۋىرىي رەسىم ئارقىلىق ئېتىقاد بىلەن گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى ۋە تەسىرچانلىقتا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇ رەسىملەرنى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 60. ئىسلام رەسساملىق سەنئىتىدە قىستۇرما رەسىم قانداق بولىدۇ؟

نەپىس ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە نەققاشلىقى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، سەنئەتكارلار ھەر خىل ھۆسنىخەت شەكىللىرى ۋە چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقاۋىسى ۋە بەتلىرىنى، شۇنداقلا 114 سۈرىنىڭ ماۋزۇسىنى زىننەتلىگەن، ھېچقانداق قىستۇرما رەسىم ئىشلەتمىگەن.

13-ئەسىردە بەزى سەنئەتكارلار شېئىر دىۋانلىرى ۋە ھېكايە-قىسسىلەرنىڭ قول يازما نۇسخىلىرىغا قىستۇرما رەسىم ئىشلەتكەن، كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ۋە تېتول بېتىگە نەپىس، رەڭدار مىنىياتۇر رەسىملەرنى سىزغان، ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ مىنىياتۇر رەسىملىرى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن.



ئىراننىڭ مىنىياتۇر رەسساملىقىدا سەلجۇق ئېقىمى، تەبرىز ئېقىمى، شىراز ئېقىمى دېگەندەك ئېقىملار بارلىققا كەلگەن، 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە گۈللىنىپ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، مىنىياتۇر رەسىملەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت باھالىق كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىغا، ئەدىب-شائىرلارنىڭ يىغىپ ساقلايدىغان بۇيۇملىرىغا ئايلانغان. 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىراننىڭ مىنىياتۇر

6-26-رەسىم: ئىستانبۇللۇق ھېكمەت بارۇتجىگىلنىڭ ئەبرۇ ئەسىرى. قاتمۇقات گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ چوققىلىرى دولقۇنلىنىۋاتقان بۇلۇت دېڭىزىدەك ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

رەسىملىرى جۇڭگوچە رەسساملىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىس چىقىرىپ سىزىش، گازىسىمان بوياش ماھارەتلىرىنى قوبۇل قىلغان، مەزمۇن جەھەتتىن كاتتا شەخسلەر ۋە مەسىلىلەرنى، سىيۇژىت جەھەتتىن گۈل-چېچەك ۋە تاغ-دەريالارنى ئاساس قىلغان. بەزىلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازلىرى سىزىلغان، شۇڭا فەقىھلەر بۇ خىل سەنئەتنى پەقەت ئىراننىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى دەپ قارايدۇ.

ھىندىستاننىڭ موغۇل مىنىياتۇر رەسساملىقى ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيەسى (1526—1858) دەۋرىدىكى ئوردا رەسساملىقى بولۇپ، ئاساسلىقى ئىراننىڭ مىنىياتۇر رەسساملىق ئۇسلۇبىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ياۋروپا رەسساملىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئىپادىلەش جەھەتتە رېئالىزمغا ئىنتىلگەن، ماھارەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن.

## ئەل ئارا رەسساملىق سەنئىتى

### 61. تۈركىيەنىڭ ئەبرۇ رەسساملىق سەنئىتى قانداق سەنئەت؟




"ئەبرۇ" پارسچە سۆز بولۇپ، "رەڭدار بۇلۇت، توپ بۇلۇت" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۈركچىدە "قاش-كىرپىك، پاتلىق قەغەز، مەرمەر نەقىشلىك قەغەز، رەڭلىك رەخت" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەبرۇ سەنئىتىدە ئاۋۋال ماي بوياق ئالاھىدە ياسالغان پەتنۇستىكى سۇغا يېيىلىدۇ، ئاندىن ئىنچىكە تاياقچە بىلەن ئاستا-ئاستا، يەڭگىل يۇرۇتۇلۇپ، چىرايلىق گۈل غۇنچىلىرى شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بەزىدە بۇ گۈل غۇنچىلىرى توم-ئىنچىكلىكى ھەر خىل تارغاقلار بىلەن تەكشىلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئالدىن تەييارلانغان رەخت ياكى قەغەز سۇغا بىر دەم يېيىپ قويۇلغاندىن كېيىن ئاستا ئېلىۋېتىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر پارچە گۈزەل نەقىش قەغەزگە بېسىلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ ئەبرۇ، يەنى "سۇغا رەسىم سىزىش" سەنئىتىدۇر.

ئەبرۇ سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ


www.uyghurkitap.com

سەنئەتتىن پايدىلىنىپ قەغەز، رەخت، ئەينەك، ساپال ۋە كاھىش بۇيۇملىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى گۈللۈك نەقىشلەرنى چۈشۈرگەن. بۇ سەنئەت 14 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈركىيەگە تارقالغان، تۈركىيەلىكلەر ئەڭ دەسلەپتە بۇ سەنئەتنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقاۋىسى ۋە تېتول بەتلىرىنى زىننەتلەشتە، كېيىنچە شېئىر دىۋانلىرى ۋە مەمۇرلارنىڭ ئارخىپلىرىنى زىننەتلەشتە قوللانغان. 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ياۋروپالىق سەيياھلار ۋە سودىگەرلەر ئەبرۇ نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن پاتلىق قەغەزنى رىمغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا ”تۈركىيە قەغىزى“ دەپ نام بەرگەن، كېيىن بۇ قەغەز ياۋروپاغا تارقالغان.

ئەبرۇ سەنئىتى ساپ ئىسلام سەنئىتى بولۇپ، مەرمەر نەقىشلەر، لالە، يەسمەن، سىرىنگۈل نەقىشلىرى قاتارلىق ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى بار. ئەبرۇ سەنئىتى توقۇلما بۇيۇملار، ئەينەك، ساپال، شام، ياغاچ قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھەر بىر رەسىم ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ھەممىسى قولدا ئىشلىنىدۇ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قالمايدۇ.



6 ـ 27 ـ رەسىم: ئايەتلىك رەسىم. ئۈستىدىن ئاستىغا پاناھلىق تىلەش، تەسمىيە، كەلىمە شاھادەت قاتارلىق ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.



6 ـ 28 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق ھېكمەت بارۇتچىگىلنىڭ ئەبرۇ ئەسىرى.


ھېكمەت تۈركىيە ھازىرقى زامان ئەبرۇ سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ئۇستىسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئەبرۇ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، ئەسەرلىرىنىڭ ئىستېرېئولۇق سېزىمى گەۋدىلىك، قاتلاملىرى روشەن، شەكلى ھەر خىل. ئۇ كۈۋەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت كۆرگەزمىسىدە ۋە ئۆزىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئىشخانىسىدا ماڭا (بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپىگە): "سۇ يۈزىدە بىز ئويلاپ يېتەلمەيدىغان ھەر قانداق ھالەتتىكى رەسىم شەكىللىنىدۇ، ئۇنى چوقۇم ئۆتكۈر تەپەككۇر ۋە پاراسەت بىلەن تۇتۇۋېلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا ئاندىن ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ" دېگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



6 ـ 29 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق ھېكمەت بارۇتچىگىلنىڭ ئەبرۇ ئەسىرى. نەپىس ھەم ئازادە سىزىلغان، سىزىقلىرى ئەپچىل تۇتاشتۇرۇلغان، رەڭلەر كۆركەم بېرىلگەن.

ISLAMIC ART



6 ـ 30 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق ھېكمەت بارۇتچىگىلنىڭ ئەبرۇ ئەسىرى. سۇ دولقۇنلىرى مىنگىشىپ كەتكەن، ئۆزۈك ـ ئۆزۈك ھەم خىرە ـ شىرە شەيئىلەردىن ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلىنغان.

ئەبرۇ نەقىشلىرىنى چىقىرىشتا ئاۋۋال داتلاشماس پولاتتىن ئۇزۇنلۇقى50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5 ـ 6

سانتىمېتىر كېلىدىغان، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك پەتنۇس تەييارلىنىپ لىق سۇ قاچىلىنىدۇ، بۇ پەتنۇستىن 600 پارچە ئەبرۇ نەقىشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە قۇتا ئالاھىدە تەييارلانغان ماي بوياق، بوياقنى ئارىلاشتۇرىدىغان ياغاچ چوتكا، نەقىش سىزىدىغان ئىنچىكە تاياقچە ياكى مېتال قەلەم، ئۆزى ياسىغان تۆمۈر تارغاق ۋە قېلىن ئاق قەغەز تەييارلىنىدۇ.

ئەبرۇ سەنئىتى سەنئەتكارلاردىن يۇكسەك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈركىيەلىكلەر بۇ سەنئەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. 1933-يىلى سامى نەجمىدىن ئىسىملىك بىر سەنئەتكار ئىجاد قىلغان ئەبرۇ ئەسەرلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، قۇرۇلمىسى يېڭى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەنزىرىلەر گۈزەل، ھەيۋەتلىك، مەردانە بولغاچقا، تۈركلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ”ئەبرۇ نەجمىدىن“ دەپ ئاتاشقان.


## 62. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھۆسنخەت رەسساملىقى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟



ھۆسنخەت رەسساملىقى جۇڭگوچە ئەرەب خەتتاتلىقىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا ئىگە.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەڭ دەسلەپتە رەيھانى خەت نۇسخىسىدا قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرگەن ھەمدە ئېلان خەت نۇسخىسىدا دۇئالارنى يېزىپ، مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ بېشىدىكى تاختا، ئىشىك بېشى ۋە مېھمانخانا ئۆيلىرىگە ئېسىپ قويغان. كېيىنچە مۇسۇلمانلار سۇلۇس، نەسخ، تەئلىق، دىۋانى خەت نۇسخىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلانغان ھەمدە جۇڭگو خەتتاتلىقىدىكى خەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەندىزىسى ۋە يېزىش ئۇسۇللىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، جۇڭگوچە ئەرەب خەتتاتلىقنى تېخىمۇ بېيىتىپ، جۇڭگو ۋە ئەرەب سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇڭگوچە ئەرەب خەتتاتلىقنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ خەتتاتلىق

سەنئىتى مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. ئەمما، بۇ خەتتاتلىقنىڭ ئەرەب ئەنئەنىۋى خەتتاتلىقىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەرەب خەتتاتلىقىدا ھەرپلەر تومم، تۈز يېزىلىدۇ، جۇڭگوچە ئەرەب خەتتاتلىقىدا بولسا ھەرپلەر بەزىدە ئىنچىكە، بەزىدە سۇس يېزىلىدۇ، قېنىق سىياھ بىلەن سۇس سىياھ ئارىلاش ئىشلىتىلىپ، قارا بىلەن ئاق گىرەلەشتۈرۈلىدۇ، يېزىش ئۇسلۇبى ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ساراي خېتى، كۆندىلەڭ خەت، مەسنەۋى خەت، تۆتلۈك ئاسما خەت، يەلپۈگۈچسىمان خەت قاتارلىق شەكىللىرى بولۇپ، بۇمۇ روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.



6 ـ 31 ـ رەسىم: مى گۇاڭجياڭ سىزغان قۇببە ۋە كەلىمە شاھادەتتىن شەكىللەندۈرگەن ھىلال ئاي

تەقۋادار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا بۇتقا چوقۇنمايدۇ، ئىسلام شەرىئىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزمايدۇ، ھەيكىلىنى ياسىمايدۇ. ئۇلار ئەرەبچە ھۆسنخەتلەرنى يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلمىغان ئاساستا تۇرمۇش مۇھىتىغا يېڭى ۋە گۈزەل تۈس بېرىشكە، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى بېيىتىشقا ئىنتىلىدۇ. سەنئەتكارلار ئەرەبچە ھۆسنخەتلەرنى ياسىنگۈل، كەترەن گۈل، بامبۇك گۈل، جۇخار گۈل ۋە نىلۇپەر شەكلىدە يازىدۇ، مانا بۇ جۇڭگوچە ھۆسنخەت رەسساملىقىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.



www.uyghurkitap.com


ھۆسنخەت رەسساملىقى سەنئەتكارلاردىن مول تەسەۋۋۇر، رەسساملىق سەۋىيەسى ۋە ئەرەب خەتتاتلىقىدا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بەزىدە جۇغگونىڭ تاغ-دەريالىرىنى سىزىپ، ئۇنى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىگە تەگلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لەرزان، ئويناق ھۆسنخەتلىك رەسىملەردە خەتلەر رەسىم بىلەن ئەپچىل، مۇۋاپىق يۇغۇرۇلۇپ، كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدۇ.

## 63. ئەرەب ئاياللىرىنىڭ قولىدىكى خىنە گۈللەر قانداق سىزىلىدۇ؟


"خىنە" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تىرناق بويىقى بىلەن ئاياللارنىڭ قولى ۋە پۇتىغا سىزىلىدىغان گۈللەرنى كۆرسىتىدۇ.

خىنە قويۇش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق سەنئىتى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بۇ سەنئەتنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بەزىلىرى تىرناقلىرىغا گۈل سىزسا، بەزىلىرى تىرنىقىنى ھەر خىل رەڭدە بويايدۇ؛ بەزىلىرى قولىنىڭ دۈمبىسىگە ھەر خىل نەقىشلەرنى سىزسا، بەزىلىرى ئالقىنىنى ھەر خىل رەڭدە بويايدۇ. بىراق، ئەرەب ئاياللىرىنىڭ قول-پۇتلىرىغا خىنە قويۇشى ھەرگىزمۇ بەدەنگە گۈل چەككۈزگەنگە باراۋەر ئەمەس، چۈنكى ئىسلام دىنىدا بەدەنگە گۈل چېكىش مەنئىي قىلىنغان. ئىبنى مەسئۇد نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ تائالا بەدەنگە گۈل چەككۈچى ۋە گۈل چەكتۈرگۈچىگە، يۈزىدىكى تۈكلەرنى يۇلغۇچىغا، چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن چىشنى ياساتقۇچىلارغا لەنەت قىلىدۇ، چۈنكى بۇ قىلمىشلار ئاللاھنىڭ ئىنساننى يارىتىشتىكى ھېكمىتىگە خىلاپ" («لۇئلۇ ۋە مەرجان»، ماشىيەن تەرجىمىسى، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى، 508-بەت). قەدىمكى مىسىرلىقلار خېلى بۇرۇنلا خىنە قويۇشقا ئادەتلەنگەن، گۈل-گىياھ ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ رەسىمىنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە سىزغان. قەدىمدىن تارتىپ پارسلار، شىمالىي ئافرىقىلىقلار ۋە ئەرەبلەر خىنە سەنئىتىنى ئىنچىكە ياخشى كۆرۈپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



6 ـ 32 ـ رەسىم: قولغا قويۇلىدىغان خىنە نەقىشلىرى



6 ـ 33 ـ رەسىم: بارماققا قويۇلىدىغان خىنە نەقىشلىرى

ئەرەب ئاياللىرى تىرنىقى، بارمىقى ۋە قولىنىڭ دۈمبىسىگە چىرايلىق نەقىشلەرنى سىزىۋالىدۇ، بۇ نەقىشلەر ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دولقۇنسىمان، ئەگرى - بۈگرى ۋە تۈز سىزىقلار ئىنتايىن ماسلاشتۇرۇپ سىزىلىدۇ، ئۇلار ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى قوللىرىغا چىرايلىق گۈل - گىياھلارنى سىزىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ گۈللەر نەپىس، ئويناق، قاتلاملىرى ئېنىق بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ قالمايدۇ، سىزىلىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. بەزى نەقىشلەر كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدۇ؛ بەزى نەقىشلەر ئويناق ھەم تەكشى، يۆنىلىشى ئېنىق، زىچلىقى مۇۋاپىق بولۇپ، بىر قاراپلا يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىنە سەنئىتى ئىسلام نەقىش سەنئىتىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئەرەب ئاياللىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئۆزگىچە ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. خىنە سەنئىتى ئۇسلۇبى ئەرەب ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇ - شىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ.



6 ـ 34 ـ رەسىم: خىنە نەقىشى

خىنە سەنئىتىدە تەبىئىي، ساپ، زىيانسىز ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ، لۇسونىيا يىنىرمۇس دەيدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. بۇ دەرەخ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئېگىزلىكى ئادەتتە 2 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە كېلىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئۇچلۇق ئېللىپس شەكىللىك كېلىدۇ، ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى قىزغۇچ چېچەكلەيدۇ، گۈللىرى ئېچىلغاندا كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق چىقىرىدۇ، ئەرەبلەر بۇ

گۈللەردىن ئەتىر ئىشلەيدۇ.

خىنە سەنئىتىدە تۇتۇق قىزىل، قېنىق ھال رەڭ ۋە سوت رەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۇتۇق قىزىل رەڭ كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، قالغان رەڭلەر قوشۇمچە زىننەت رولىنى ئۆتەيدۇ.

خىنە مەلھىمى مۇنداق ياسىلىدۇ:

1. ئاۋۋال پاكىز يۇيۇلغان يوپۇرماقلار ئېزىلىپ بوتقىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

2. بوتقا ئالاھىدە ئىشلەنگەن داكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىككى خىل خىنە مەلھىمى سۈزۈۋېلىنىدۇ.

3. مەلھەمگە لىمون سۈيى، چاي ياكى قەھۋە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بۇلار رەڭنى ئۇزاققىچە ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

4. مەلھەم تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بىر سائەت ئېچىتىلىدۇ.

5. ئېچىتىلغان مەلھەم ئالدىن تەييارلانغان، يالتىراقتىن ئىشلەنگەن كونۇس شەكىللىك ۋارونكىغا قۇيۇلىدۇ، سىزماقچى بولغان نەقىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلىگە ئاساسەن ۋارونكىنىڭ ئاستىدىن قايچا بىلەن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

6. مەلھەم بىر ياقتىن ۋارونكىنى سىقىپ چىقىرىلىدۇ، بىر ياقتىن قولغا نەقىش سىزىلىدۇ. نەقىش سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن قول ئىككى سائەتتىن ئارتۇق قاقلىنىپ، تەبىئىي قۇرۇتۇلىدۇ.

7. شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان لىمون شەربىتى ياغىسىزلاندۇرۇلغان پاختىغا چىلىنىپ قۇرۇپ بولغان مەلھەمگە سۈرۈلىدۇ، ئاندىن بۇمۇ قايتا قۇرۇتۇلىدۇ.

8. قۇرۇپ بولغان مەلھەم ئاۋايلاپ تازىلىنىدۇ، قولنى سۇدا يۇيۇشقا بولمايدۇ.

9. ئەسلىدىكى مەلھەم سۈرۈلگەن يەرگە قىچا مېيى سۈرۈلىدۇ، 4 سائەتتىن 6 سائەتكىچە قولنى يۇيۇشقا بولمايدۇ.

چىرايلىق خىنە نەقىشلىرى مانا مۇشۇنداق سىزىلىدۇ، رەڭگى ئۇزاققىچە ئۆچمەيدۇ.



ISLAMIC ART
www.uyghurkitap.com

ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى

## 64. ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

كىتاب — روھىي ئوزۇق ۋە بىلىم خەزىنىسى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە نەزەر دائىرىسىنى ئاچىدۇ. كىتابقا مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ۋە چوڭقۇر ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىم تارقىتىش، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم يۆلەنچۈكى ۋە ۋاستىسىدۇر. كىتابنى چىرايلىق زىننەتلەش بىلىمنى قەدىرلەش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. مۇسۇلمانلار مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئىلىمنى قەدىرلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، كىتابلارنى چىرايلىق زىننەتلەش ۋە مۇقاۋىلاشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى يۈكسەك ئېتىقاد ۋە تەقۋادارلىق بىلەن قوغداپ ۋە زىننەتلەپ، كىتاب زىننەتچىلىكىنىڭ قوللىنىشچان، سەنئەتلىك ۋە ئېستېتىكىلىق ئۈنۈمىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن.

ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى ئەرەب خەتتاتلىقى بىلەن ئىسلام نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلى. ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى مۇقاۋىنىڭ ئالدى ۋە كەينى بېتى، شۇنداقلا كىتاب دۈمبىسىنى زىننەتلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىچ بەتلىرىنى كۆركەم، نەپىس زىننەتلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.


642-يىلى ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى ئىسكەندەرىيە پورتىنى تاشلاپ چېكىنگەن، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مىسىرنى بويسۇندۇرغان. ئىسلام دىنى مىسىرغا كىرىشتىن بۇرۇنلا قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتى بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن. پىرئەۋنىنىڭ قەبرىسى، پادىشاھلارنىڭ ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلىرىدىكى قاپارتما نەقىشلەرگە



ISLAMI ART

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئويۇلغان تەسۋىرىي يېزىقلاردا پادىشاھلارنىڭ تۆھپىلىرى ۋە بىر قىسىم بىمەنە ھېكايىلىرى خاتىرىلەنگەن.




6 ـ 35 رەسىم 17 ـ ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سەنئەتكارلىرى لايىھەلىگەن قۇرئان كەرىم مۇقاۋىسى. ئۆلچىمى: 21.10×14.4cm. مۇقاۋىنىڭ ئالدى بېتى، كىتاب دۈمبىسى، مۇقاۋىنىڭ ئارقا بېتى ۋە مۇقاۋا قاتلىقى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، قۇرئاننى ئاسراش رولىنى ئوينىغان.







6 ـ 36 ـ رەسىم: ئەھمەد قاراھىسارى 1541 ـ يىلى 70 يېشىدا كۆچۈرگەن قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسى. مۇقاۋا كۆركەم لايىھەلەنگەن، ئۆلچىمى: 19.6×12.8 cm مۇقاۋىغا «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» {"ئىسرا" سۈرىسى، 88 ـ ئايەت} دېگەن ئايەت يېزىلغان. بۇ قۇرئان كەرىم نەسخ خەت نۇسخىسىدا ھەر بىر بەتكە 17 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن، بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان.






6 ـ 37 ـ رەسىم: تەخمىنەن 16 ـ ئەسىردە ئىستانبۇللۇق خەتتات كۆچۈرگەن قۇرئان كەرىم "فاتىھە" سۈرىسى بىلەن "بەقەرە" سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت ئالتە قۇردىن، كېيىنكى بەتلىرى 30 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنداق نۇسخا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، چۈنكى قۇرئان كۆچۈرگۈچىلەر ئادەتتە تاق قۇردىن كۆچۈرىدۇ. بۇ نۇسخا مۇكەممەل ساقلانمىغاچقا، كۆچۈرگۈچىنىڭ ئىسمى نامەلۇم. بەزى خەتتاتلار ئۇنىڭ قەلەم ئۇسلۇبىغا قاراپ، ئۇنى شەيخ ھەمدۇللانىڭ شاگىرتى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشىدۇ.

مەيلى 18 ـ پىرئەۋن ـــ ئايال پادىشاھ خاتچېپسوت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1505 ـــ 1484) ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملەر بولسۇن ياكى 19 ـ پىرئەۋن رامسېس II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1301 ـــ 1235) ياساتقان لۇكېس ئىبادەتخانىسىدىكى رەسىملەر بولسۇن، ئۇلار قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتە خېلىلا ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شەكلى خىلمۇخىل، رېئال ئەھمىيەتكە ۋە سىرلىق تۈسكە ئىگە ئۇ نادىر ئەسەرلەر نىل دەرياسى ۋادىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ساقلىنىپ، مىسىرلىقلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە مېھنەت تەرىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا غايەت زور ماددىي بايلىقىغا ئايلانغان. ئىسلام دىنى مىسىرغا كىرگەن 7-ئەسىردە مىسىرلىقلار كىتاب مۇقاۋىسىنى زىننەتلەشتە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، قىلىن كالا تېرىسىگە ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى بېسىش ۋە نەقىشلەرگە ھەر خىل رەڭلەرنى بېرىشتە كامالەتكە يەتكەنىدى.



6-38-رەسىم: ئابدۇللا زۇھادى 1847-يىلى ھەربىر پارىنى بىر كىتابچە قىلىپ كۆچۈرگەن قۇرئان. سۈرەتتىكىسى 30-پارە ''نەبەئ''سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېتى، بەتلىرى سىممېترىك شەكىلدە چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئىككى ئايەت ئارىسىدىكى زىننەت گۈللىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.





فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا زىننەتلىنىشكە باشلىغان. بۇ دەۋردە كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكەن، مۇقاۋا نەقىشلىرى كۆپ خىللىشىپ، ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىدىن باشقا، گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر ۋە ھۆسنخەت نەقىشلىرىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە مىسىرلىقلارنىڭ كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتى يۈكسەك پەللىگە يەتكەن، مۇقاۋا، كىتاب دۈمبىسى ۋە تاشلىقلىرى ناھايىتى كۆركەم، چىرايلىق زىننەتلەنگەن.


14-ئەسىردىكى ئاقساق تۆمۈر دەۋرىدە ياشىغان ھۈنەرۋەنلەر ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار تېرىگە گۈل بېسىشتەك بۇ ئاددىي، كۆپ قوللىنىلىدىغان زىننەتچىلىك ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپلا قالماي، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن تېرىنى كېسىپ گۈل چىقارغان ھەمدە نەقىش چاپلاش

بىلەن گۈل بېسىشنى تەڭ قوللانغان. بەزىدە قىلىن تېرىگە نەقىش ئويۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ھەل بېرىپ، مۇقاۋىنى تېخىمۇ سۈپەتلىك ھەم كۆركەم زىننەتلىگەن. ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن نۇرغۇن سۈپەتلىك مۇقاۋىلارنى ئىشلىگەن. ئۇلار ماھارەتتە تاكامۇللۇقى، نەقىش ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، رەڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ھۈنەر-سەنئەتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن كىتاب دۈمبىسى، باش بەت ۋە بەت چۆرىلىرىگە ئاجايىپ چىرايلىق ئىسلامىي نەقىشلەرنى ئىشلىگەن.

1501-يىلىدىن 1732-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سەفەۋىي خانىدانلىقى دەۋرىدىكى ئىرانمۇ كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، مىنىياتۇر رەسساملىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە رەڭلەرنىڭ كۆركەم ماسلاشتۇرۇلۇشى كىتاب زىننەتچىلىكىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. سەنئەتكارلار كىتابلارنى تېخىمۇ نەپىس ۋە كۆركەم زىننەتلەپ، رەڭ قاتلاملىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئىنچىكە ئايرىغان. كىتاب زىننەتلەشتە ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىگە مۇۋاپىق رەڭ بېرىشكە، تەگلىك رەڭ بىلەن ئاساسىي رەڭنى ئايرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. مۇقاۋا زىننەتلەشتە تېرىگە گۈل بېسىش، گۈل چاپلاش ۋە گۈل ئويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپلا قالماي، تېرىنى داغمىلاپ گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىتاب دۈمبىسىنى تۈز تۈپلەش، يۇملاق تۈپلەش ۋە ئوقۇر شەكلىدە تۈپلەش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان ھەمدە كىتابنى ئاسراش ئۈچۈن مۇقاۋىنىڭ ئارقا بېتىنىڭ سول تەرىپىگە ئۈچ بۇرجەكلىك قاتلاق قوشقان. سەنئەتكارلارنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە ھۈنەردە كامالەتكە ئىنتىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقى ئىسلامىي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتىنى يېپيېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرگەن.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى سىراجلاش سەنئىتىدە قۇرئان كەرىمنىڭ بەتلىرىنى زىننەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مۇقاۋا ئاددىي زىننەتلەنگەن. ئۇ دەۋردىكى سەنئەتكارلار قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مۇھىم، مۇقاۋا پەقەت ئۇنى ئاسراش رولىنىلا ئوينايدۇ دەپ قارىغاچقا، قۇرئاننىڭ

ئىچ بەتلىرىنى زىننەتلەشكە بەكرەك كۆچەپ، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغۇچىغا بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىشكە تىرىشقان. بۇنداق پەم-پاراسەت، مەنتىقلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە قارىشى ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى ئۇستىكارلارنىڭ يۈكسەك نىشانى ئىدى. ئۇلار نەققاشلىق ئىجادىيىتى، رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇش سەزگۈرلۈكى ۋە ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنى ئورگانىك، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئېستېتىك شەكىلدە سەنئەتلىك بىرلەشتۈرۈپ، قۇرئان كەرىم بەتلىرىنى قوغداش، ئاسراش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇستىكارلار يەنە كىتابنى ئاسراش ئۈچۈن مۇقاۋىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا بەتلىرىگە پۆپۈك ئورناتقان، بەزىدە مۇقاۋىنىڭ سىرتىنى قاپ شەكلىدە چىرايلىق تاشلاپ، كىتابنى ئاسراش بىلەن بىللە، ئۇنى تېخىمۇ سەنئەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەن. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بېتىنى جۈپ نومۇرلۇق بەتلەردىكىگە ئوخشاش نەقىش بىلەن زىننەتلەپ، ئايەتلەرنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇن ياپراقچە چاپلىغان ھەمدە كۆك، يېشىل ۋە ئاق رەڭلەرنى ئىشلىتىپ ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى سىزغان، جۈپ نومۇرلۇق بەتلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قاشلىق چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىرىنچى، ئىككىنچى سۈرىنىڭ نامى، ئايەتلەرنىڭ نومۇرى ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى يېزىپ قويغان. بۇنداق سىپتا قۇرۇلما ۋە سىممېترىك شەكىل، ناھايىتى رەتلىك ۋە سالماق ئۇنۇم ئارقىلىق سەھىپىلەرنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، سۈپەتلىك ۋە ئېنىق كۆرسىتىپ، ئىسلامي كىتاب زىننەتچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىك قارىشى ۋە پېرسپېكتىپلىق گۈزەللىك تۇيغۇسىنى نامايان قىلغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سۈرىسىدىن باشقا 112 سۈرىنىڭ سۈرە باشلانغان بېتىگە قاشلىق چىقىرىپ، ھەر خىل ئۆسۈملۈك نەقىشلىرىنى سىزىپ، قۇرئان



6 ـ 39 ـ رەسىم: ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ ئاچقۇچى. ھەر بىر ھەرپ ھەر خىل ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى بىلەن رامكىلانغان.


كەرىمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى، تەقۋادارلىقى، قەتئىيلىكى، يۈكسەك روھى ۋە غايىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇستىكارلار قۇرئان ئايەتلىرىنى زىننەتلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىبادىتى دەپ بىلىپ ئەستايىدىل ئىشلىگەن، بەزىلىرى بىر قۇرئاننى زىننەتلەش ئۈچۈن نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان.

ھازىرمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلار يەنىلا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا زىننەتلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا كىتابخانىلاردا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى ئاسان.

ئەرەبلەرنىڭ لۇغەت قاتارلىق قورال كىتابلارنى زىننەتلىشىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇلار ئەرەب تىلىدىكى 28 ھەرپنى ئالاھىدە زىننەتلەپ ئاچقۇچلۇق بەلگە قىلىدۇ، ئەرەب يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولغاچقا، سۆزلەرنى ئىزدىگەندە باش ھەرپكە قاراپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئاختۇرسىلا بولىدۇ. ئۇلار 28 ھەرپنىڭ ھەر بىرىنىڭ چۆرىسىنى ئۈسۈملۈك نەقىشلىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ، بۇنداق قىلغاندا ھەرپلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ، ئىزدىمەكچى بولغان سۆزلەرنى تاپماقمۇ ناھايىتى ئاسان.







6_40_رەسىم: قازى ئەسكەر مۇستافا ئازاد ئەپەندى (1801—1876) يازغان پۈتۈك. ھەر بېتىنىڭ ئۆلچىمى: 18.7×26.3㎝

## 65. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك بۇيۇملىرى سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

مىسىر ئەلئىبھرام زامانىدىكى تۆتىنچى خانىدانلىق دەۋرىدە ئىمالچىلىق (ساپال سىرچىلىقى) ھۈنەر-سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. ئالتىنچى خانىدانلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئىمالچىلىق قوڭغۇز شەكىللىك تۇمار ۋە ئادەتتىكى جابدۇقلارغا ئىشلىتىلگەن، ئىمالچىلىقنىڭ مىسىردا گۈللىنىشى ئەينەك بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، ئەينەك بۇيۇملار مىسىرنىڭ 18-خانىدانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن، يەنى ئەينەكنى ئەڭ دەسلەپتە مىسىرلىقلار كەشىپ قىلغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىسىر ئامىنوفىس I (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1557—1530) دەۋرىدىكى يوغان ئەينەك ساقا ئەڭ بۇرۇنقى ئەينەك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. تۇتموسىس III (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1504—1450) دەۋرىگە كەلگەندە مىسىرلىقلار رەڭسىز ئەينەكنى ياساپ چىققان، ھەتتا كېيىن تەرەققىي قىلىپ كۆكۈش، يېشىل، سۈس سۆسۈن، قىزىل، ئاق، سۈت رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك ئەينەكلەرنى ياساشقا باشلىغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئەينەك ياساش تېخنىكىسى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىسىر ئەينەك بۇيۇملىرى مەركىزىگە ئايلانغان.



6 - 41 - رەسىم: 14 - ئەسىردىكى، يەنى مىسىر مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەسچىتنىڭ ئەينەك قەندىلى

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە مىسىر، سۈرىيە ۋە ئىراننىڭ ئەينەك ياساش تېخنىكىسى خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن، ئۇلار ياسىغان ئەينەك بۇيۇملىرى نەپىس ھەم كۆركەم، نەقىشلىرى چىرايلىق بولۇپ، يۆكسەك زوقلىنىش قىممىتى ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، ياۋروپالىق ئاقسۆڭەكلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان قىممەت

ISLAMIC ART

uyghurkitap.com

باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنى بۈيۈك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەچكە، ئەينەكتىن ياسالغان دىنىي بۇيۇملارمۇ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بۇ ھەقىقەتەن ئەينەكتىن ياسالغان قەسىردۇر ﴾ [”نەمل“ سۈرىسى، 44 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يورۇتقۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى خۇددى تەكچىگە قويۇلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى بىلەن يورۇتۇلغانكى، ئۇ زەيتۇن دەرىخى شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس، يېغى سۈزۈكلۈكىدىن ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مانا مۇشۇنداق مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ﴾ [”نۇر“سۈرىسى، 35 ـ ئايەت].

شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئەينەكتىن ياسالغان قەندىل ۋە ھەر خىل ئەينەك زىننەت بۇيۇملىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ھىجرىيە 1 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھرىدە ياسالغان ئەينەك بۇيۇملار رەڭدارلىقى، ئۆزگىچىلىكى، نەپىسلىكى ۋە كۆركەملىكى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ئۇستىكارلار سەككىز رەڭدە ئەينەك ياساشنى بىلگەن. 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە ئۇستىكارلار نەقىشلىك ئەينەك بىلەن گۈللۈك ئەينەكنى كەشىپ قىلغان، بۇلارنى ئىسلام سەنئىتىدىكى ئىككى بۈيۈك تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ. نەقىشلىك ئەينەك قىلىن ئەينەكنىڭ يۈزىنى چاقلاپ تەكشى قاپارتما نەقىش چىقىرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، بۇ خىل ئەينەكنىڭ بارلىققا كېلىشى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن.

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك بۇيۇملىرىدىن كىچىك ئەتىر قۇتىلىرى، رەڭدار قەندىللەر، سۈزۈك كرىستال بۇيۇملار ۋە نەپىس ئىشلەنگەن قاچا-قۇچىلار بار. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تىنىق ئېماللىق قەندىللەرگە رەڭدار نەقىشلەر سىزىلغان ھەمدە "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم"، "ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر" دېگەن ئايەتنى كەرىملەر ۋە "ئايەتۇل كۇرسى" يېزىلغان؛ بەزى قەندىللەرگە بۇ قەندىلنى ياساشنىڭ سەۋەبى، تارىخىي ئىشلار ۋە قەندىلنىڭ ساھىبى، ياسالغان يىل ۋە ياسىغان ئۇستىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. بەزى قەندىللەرنىڭ شەكلى جۇڭگونىڭ قەدىمكى قوڭغۇراقلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، يىپ ياكى مىس سىم بىلەن ئېسىپ قويغىلى بولىدۇ، چىراغ پىلىكى ئۈستىدە كۆيىدۇ، ئاستىغا ياغ قۇيۇلىدۇ. قەندىل ئەينىكىگە ياكى تىنىق ئېمال ئۈستىگە مېتال ئوكسىدلىرىدىن ھەل بېرىلىپ، ئۈستىگە ئەرەب نەقىشلىرى ۋە كۇفى خەت نۇسخىسىدىكى ھۆسنخەتلەر يېزىلغان؛ بەزى ئەينەكلەرگە نەقىش ۋە ھۆسنخەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، ھۆسنخەتلەر كۇفى ۋە رەيھانى خەت نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلغان؛ بەزى ئەينەكلەرگە مېتاللوئىدلار سۈۋالغان، بەزىلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولغاچقا، يىراقتىن قارىغاندا ھەرگىز ئەينەك بۇيۇملىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىر مەملۇك سۇلالىسىدە ياسالغان قەندىلنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، قەندىلنىڭ چۆرىسىگە ھەر خىل نەقىش ۋە ھۆسنخەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، قەندىل پارقىراپ تۇرىدۇ-يۇ، شەكلىنى يوقاتمايدۇ، قەندىل يورۇغاندا بولسا گويا ئالتۇندەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىنى چۇش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك بېزەكچىلىكى سەنئىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان يەنە بىر بۈيۈك تۆھپىسىدۇر.

## 66. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى مېتال سەنئەت بۇيۇملىرى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟


ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى مېتال سەنئەت بۇيۇملىرى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ۋە مەنىۋى خاسلىققا ئىگە.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇد بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار!» دېدۇق. تۆمۈرنى ئۇنىڭغا يۇمشىتىپ بەردۇق ﴾ {"سەبەئ" سۈرىسى، 10 ـ ئايەت}.


﴿ بىز ئۇنىڭغا: «مۇكەممەل، ھالقىلىرى تەكشى ساۋۇتلارنى ياسىغىن...» دېدۇق﴾ { "سەبەئ" سۈرىسى، 11 ـ ئايەت}.

﴿ ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، يامغۇر جىلغىلاردا لىپمۇلىق ئاقتى، كەلكۈن سۇ ئۈزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى. كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكى بار (بۇ مىسالدا ھەقىقەت سۇغا، باتىل كۆپۈككە ئوخشىتىلغان). ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە بولسا زېمىندا قېلىپ قالىدۇ. ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ {"رەئد" سۈرىسى، 17 ـ ئايەت}.



6 ـ 42 ـ رەسىم: 1646 ـ يىلى (ھىجرىيە 1056 ـ يىلى) ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئىبراھىم I دەۋرىدە ياسالغان كەئبە قۇلۇپى ۋە ئۇنىڭ ئاچقۇچى. قۇلۇپقا نەقىش چۈشۈرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 25cm، ئۈستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ھەمدە كەلىمە شاھادەت ۋە سۇلتاننىڭ ئىسمى ئويۇلغان. ئاچقۇچنىڭ چىشى يوق بولۇپ، ئۈستىگە ﴿سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت ئاللاھتىن سىلەرگە كېلىدىغان ياردەم ۋە يېقىندا قولغا كەلتۈرۈلىدىغان غەلىبىدۇر (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدۇر). (ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىن﴾ {"سەف" سۈرىسى، 13 ـ ئايەت} دېگەن ئايەت يېزىلغان. بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يەنە ئەرەبچە "يا محمد" (ئى مۇھەممەد!) دەپ يېزىلغان، بۇ ئايەت بولماستىن، بەلكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە كىشىلەر ئىشلىتىپ كۆنگەن سۆز. بۇ قۇلۇپ ئىستانبۇلدىكى توپكاپى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.


ISLAMIC ART




6 ـ 43 ـ رەسىم: تەخمىنەن1200 ـ يىلى ئافغانلار كۈمۈشتىن نەقىش ئويۇپ ياسىغان مىس چۆگۈن (ھازىر ئەنگلىيەنىڭ لوندون مۇزېيىدا ساقلانماقتا)

ھەدىس شەرىفتە ئەرلەرنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن قاچىدا تاماق يېيىشى چەكلەنگەن. ئۇممۇ سەلەمەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا تاماق يېگۈچى ئۆزىنىڭ قارنىغا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ“ («سەھىھۇل مۇسلىم») دېگەن.

شۇڭا، مۇسۇلمان ئۇستىكارلار ئادەتتە مىس ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىسىمۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قاچا ـ قۇچا ياسىمايدۇ.



6 ـ 44 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق خەتتاتلار ئىشلەتكەن قايچا، پىچاق، تىغ، قەلەم كەسلەش تاختىسى ۋە قەغەز باستۇرغۇچ قاتارلىق مېتال ئەسۋابلار.



6 ـ 45 ـ رەسىم: ئىستانبۇللۇق خەتتات مەھمۇد ۋۇستا (؟ ـ 1773 ـ يىل) ئىشلەتكەن ئۇزۇنلۇقى 33 سانتىمېتىر كېلىدىغان دۇۋەت ـ قەلەم قۇتىسى


www.uyghurkitap.com




6ــ 46ـ رەسىم: مىس قەندىل. 1482ـ يىلى مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، ھازىر مىسىرنىڭ قاھىرە ئىسلام سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.







6 - 47ـ رەسىم: مەملۇك سۇلالىسىگە ئائىت ئاسما چىراغ. مەسچىت، بازار ۋە دەرۋازا بېشىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ، چىراغنىڭ مىس قېپىغا قاپارتما ئۆسۈملۈك نەقىشى چېقىرىلغان، ئوتتۇرىسىغا رەڭلىك ئەينەكتىن ياسالغان لامپا شىشىسى ئورنىتىلغان، ئاستىغا ياغ قۇيۇلۇپ، ئىچىگە پىلىك چىلىنىدۇ.



6 - 48-رەسىم: سۇرىيە شام رازىلەد شىركىتى ياسىغان تورۇس چىرىغى تەگلىكى ۋە ئاسما مىس چىراغ

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى مېتال سەنئەت بۇيۇملىرى ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: مىمارچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغانلىرى، مەسىلەن مەسچىتلەرنىڭ ئەزان مۇنارى ۋە گۈمبىزىنىڭ چوققىسىدىكى ھىلال ئاي، ئىشىك-دېرىزە، چىراغ، تام نەقىشلىرى، دەرۋازا قاتارلىقلار؛ ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغانلىرى، مەسىلەن ئۈستەل-ئورۇندۇق، ئىشكاپ، كەنتىر، داس، ئىسرىقدان، ئوچاق، غۇسلى تاھارەت ۋە كىچىك تاھارەتكە ئىشلىتىلىدىغان چىلەك، چۆگۈن قاتارلىقلار؛ بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغانلىرى، مەسىلەن مىس لىگەن، مىس ئەينەك، لوڭقا، زىبۇزىننەت قاپچۇقلىرى، پىچاق، جابدۇق قاتارلىقلار؛ ئۇرۇش-جەڭلەردە ئىشلىتىلىدىغانلىرى، مەسىلەن ساۋۇت، دۇبۇلغا، قالقان، شەمشەر، ئۈزەڭگە، ئىگەر قاتارلىقلار.

ھۈنەر-سەنئەتكە ئىشلىتىلىدىغان مېتاللاردىن ئاساسلىقى مىس، تۆمۈر، كۈمۈش قاتارلىقلار بار. ھۈنەر-سەنئەت ئاساسەن قاپارتما نەقىش، قۇيمىچىلىق، مىس ۋە كۈمۈش سىملاردىن نەقىش ئىشلەش، گۈل ئويۇش، ئويما سىزىق چىقىرىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەققاشلىقتا ئاساسەن ئۆسۈملۈك نەقىشى، گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ۋە ئەرەبچە ھۆسنىخەتلەر قوللىنىلىدۇ. مۇسۇلمانلار مېتال بۇيۇملارنى ياساشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، داڭلىق ھۈنەرۋەنلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە مېتال بۇيۇملارنى ياسايدىغان ئۇستىلارنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى.

## 67. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ ئويما بۇيۇملىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟


بىپايان چۆل-جەزىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەرەب مىللىتى دەل-دەرەخلەرنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن ياغاچچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدىن ۋاز كەچكەن ئەمەس. مەسىلەن، مەسچىت ئىمارەتلىرىنىڭ ئىشىك-دېرىزە، مۇنبەر، كىتاب جاھازىسى قاتارلىق نۇرغۇن جايلىرىغا ياغاچ ئويما نەقىشلىرىنى ئىشلىگەن. مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى



www.uyghurkitap.com
ISLAMIC ART

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. ياغاچ ئويما بۇيۇملىرى ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان بىر خىل يېڭى ھۈنەر-سەنئەت بېزەكچىلىكى بولۇپ، ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان. ئۇ ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى باشقا ھۈنەر-سەنئەتلەرگە ئوخشاش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھۈنەر-سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، مەسىلەن ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك زىننەتچىلىك سەنئىتى قەدىمكى مىسىرلىقلار ياسىغان سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ مېتال بۇيۇملار بولسا ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان.

ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى مىسىر بىلەن سۈرىيەنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىنى تەدرىجىي يۈكسەلدۈردى، بۇنىڭ ئالامەتلىرىنى مەسچىت نامازگاھىنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ ئەگمە ۋە مېھراب قۇرۇلۇشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ماراكەشتىكى ياغاچ ئىشىك ئىسلام ياغاچ ئويمىچىلىقىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرىدۇر. ماراكەشلىكلەر نەپىس ئويۇش ۋە گۈزەل شەكىل چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشىك، نامازگاھ ئۈستىدىكى چوڭ ئەگمە ۋە مېھرابقا چىرايلىق سۇلۇس خېتى بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئويۇپ چىققان، ئاندىن ئۇسۇملۇك نەقىشى ۋە گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر بىلەن ئۇلارنى بېزىگەن. تۈركىيە




6-49-رەسىم: 14-ئەسىردە ماراكەشتە ياسالغان ياغاچ ئىشىك. ئىشىككە تۆمۈر چەمبىرەك قېقىلغان، گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر سىزىلغان ھەمدە ياغاچقا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن.

مەسچىتلىرىدىكى چوڭ نامازگاھلارغا ئايرىم ياسالغان مۇنبەرلەرمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، بەزىلىرى تىك تۆت تەرەپلىككە، بەزىلىرى ئېگىز لوڭقىغا ئوخشايدۇ.

نەپىس ھەم كۆركەم ياغاچ ئويما بۇيۇملىرى خۇتبە مۇنبەرلىرىنىڭ بېزەك ئۇسلۇبى بىلەن بىرىكىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئويما نەقىشلىرى سىپتا، جانلىق ۋە نەپىس ئىشلىنىدۇ. ماراكەشنىڭ ئىشىككە نەقىش ئويۇش سەنئىتى كەم ئۇچرايدىغان بىباھا گۆھەر بولۇپ، ئۇستىلار ھەر خىل گېئومېترىيەلىك نەقىشلەردىن قاپارتما چىقىرىش بىلەن ئويما سىزىق چىقىرىش ماھارىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، رەڭدار، كۆركەم، نەپىس نەقىشلەرنى ئويۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سەنئەت تالانتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق نامايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيە ۋە پەلەستىندە ئىشلەنگەن قۇرئان جاھازىسىمۇ ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.







6 - 50 ـ رەسىم: سۈرىيە دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ بېزەكچىلىك ئىنژېنېرى مەرۋان بىن ھامىد بەرەرى سوفى ياغاچتىن ئويۇپ چىققان كەلىمە شاھادەت

## 68. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ساپال بۇيۇملار قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

ساپالنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە مول تۇرمۇش پۇرىقى ۋە گۈزەللىك غايىلىرىنى بەخش ئەتتى، ساپالچىلىق ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

ئىسلام ساپالچىلىق سەنئىتى ئەرەب خەتتاتلىقى ۋە نەققاشلىقى بىلەن ساپالچىلىقنىڭ مۇكەممەل بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاساسەن مەسچىت ـ جامە، ئوردا ـ ساراي، مەكتەپ ـ مەدرىسە ۋە ئۆي جاھازلىرى بېزەكچىلىكىدە، ئۇنىڭدىن قالسا مۇسۇلمانلارنىڭ نەپىس، كۆركەم ئىشلەنگەن كۈندىلىك بۇيۇملىرى، لوڭقا، ئىستاكان، تەخسە، چىنە، ئىسرىقدان قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىدا ئۆز جىلۋىسىنى نامايان قىلدۇ.

مۇسۇلمانلار گۈللۈك ساپال چاقچۇقلارنى مەسچىت دەرۋازىلىرى، خانىقانىڭ ئالدى ۋە ئەزان مۇنارىغا ئىشلىتىدۇ؛ نامازگاھنىڭ ئۇدۇلىدىكى مېھرابنىمۇ ئەڭ چىرايلىق ساپال چاقچۇقلار بىلەن بېزەيدۇ. ئەرەبچە ھۆسنخەت ۋە گۈزەل نەقىشلەر ئىشلەنگەن رەڭلىك چاقچۇقلار ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە فارفۇر خىشقا كۆك رەڭ ئاساس قىلىنىپ، ئاق، يېشىل، سۆسۈن رەڭلەر ماسلاشتۇرۇلدۇ. فارفۇر خىشلار چاسا، ئۇزۇنچاق ۋە




6 ـ 51 ـ رەسىم: ئېگىز پۇتلۇق ساپال چىنە. 1530 ـ يىلدىن 1540 ـ يىلغىچە تۈركىيەنىڭ ئىزنىكتىكى مەشھۇر ساپال خۇمدىنىدا ياسالغان؛ چىنىگە سۆسۈن، يېشىل، كۆك ۋە قارا رەڭلەردە گۈل ۋە يوپۇرماقلار سىزىلىپ ئۈستىگە ئېمال بېرىلگەن. بۇ چىنە ھازىر لوندوندىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئۈنچە-مارجان شەكىللىك بولۇپ، ئۈنچە-مارجان شەكىللىك فارفور خىشلاردىن ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ھەر خىل نەقىشلەر ۋە ھۆسنخەتلەر ھاسىل قىلىنىدۇ. يېشىل، كۆك، زۇمرەت ۋە سۆسۈن رەڭلىك فارفور خىشلار ئاجايىپ رەڭدارلىقى، نەپىسلىكى، جىلۋىدارلىقى ھەم كۆركەملىكى بىلەن يىراقتىن قارىغان كىشىگە ئازادىلىك بېغىشلايدىغان مول سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، خىلۋەت، مەنىلىك، ئېسىل ۋە مۇقەددەس تەسىر بېرىدۇ.

جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ياسىغان ساپال بۇيۇملارنىڭ ئۇسلۇبى ھەر خىل. ئىران ۋە ئىراقتا ياسالغان ساپال بۇيۇملارنىڭ رەڭگى سۈزۈك ھەم كۆركەم بولۇپ، ئۇلار ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ، باشقا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ساپالچىلىق سەنئىتىمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۇچرىغان. بۇ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭمۇ باشقا ئىسلام ئەللىرىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ جەرياندا يەرلىك ساپالچىلىقمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن.

جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەتكەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسلام ئەللىرى سېغىز لايىنى پىشۇرۇپ، رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەش جەريانىدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ساپالچىلىق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەمما، شۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسلام ئەللىرىدە ياسالغان ساپال بۇيۇملارنىڭ



6 - 52-رەسىم: ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كەئبە يوپۇقى. بۇ يوپۇق 1360-يىلى سۇلتان ناسىر ھەسەن بىن ھىرائۇن دەۋرىدە قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلغان ھەمدە سىرىق مەشۇت بىلەن مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا ھۆسنخەت كەشتىلەنگەن، ھازىر ئىستانبۇلنىڭ توپكاپى مۇزېيىدا ساقلانماقتا، تىزىم نومۇرى 13/1689.

ھەممىسى ئىسلامچە بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىغا ۋە ئېستېتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سېغىز لاينىڭ خۇش ھىدى پۇراپ تۇرغان ئۇ ساپال بۇيۇملار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ روھىي خاسلىقى ۋە جەسۇرلۇقتا تولغان ئېستېتىك خاھىشىنى، ھېكمەتلەرگە تويۇنغان ۋە رەڭدارلىققا باي قەلبىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 69. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى توقۇلما بۇيۇملار قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى توقۇلما بۇيۇملار تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر دەرھال تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ قول ھۈنەر سەنئىتى بولغان چىرايلىق گىلەم ۋە جاينامازلارنى، مىسىر ۋە شام رايونىنىڭ گۈللۈك رەختلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى گىلەملەرنىڭ رەڭگى ۋە نەقىشلىرى ئۆزگىچىلىككە ۋە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، پاكلىق ۋە تىنچلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاق رەڭ، بەخت ۋە خۇشاللىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىزىل رەڭ، ھاياتىي كۈچكە تولغان، مۇسۇلمانلارنى "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقى" ئاستىغا جەم قىلىدىغان يېشىل رەڭ، شۇنداقلا سائادەتكە ۋە ئالىيجانابلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالتۇن رەڭ بىلەن زىنەتلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسلىقى ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى چۈشۈرۈلۈپ، چۆرىسى گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر بىلەن زىنەتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسما گىلەملەرگە يەنە ئادەتتە ئەرەبچە ھۆسنخەتلەر كەشتىلىنىدۇ. گىلەمنىڭ خام ئەشياسى ئاساسلىقى قوي يۇڭى بولۇپ، بەزىلىرى يىپەك، كەندىر ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە ئىشلىتىشكە يول قويۇلغان ھايۋانلارنىڭ يۇڭىدىن توقۇلىدۇ. گىلەملەر ئاساسلىقى ئىلمە توقۇمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن توقۇلىدۇ.

8-ئەسىردە مىسىر، ئەرمەنىيە قاتارلىق جايلاردا گىلەم توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلگەن، 17-ئەسىرگە كەلگەندە ئىراننىڭ

ئىسپاھان شەھرىدە گىلەملەر ناھايىتى گۈزەل، سۈپەتلىك توقۇلغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئىستانبۇلنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، ئىمپېرىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئېھتىياجنىڭ داۋاملىق ئېشىشى بىرىشى گىلەمچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە جايناماز توقۇمىچىلىقى پۈتكۈل ئىسلام ئەللىرىدە كەڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن، چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

گىلەمنىڭ نەقىشى ھەر خىل ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى ۋە گېئومېترىيەلىك نەقىشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بەزى گىلەملەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇرەككەپ گۈللەر كىشىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىدۇ. ئەمما، جايناماز لارغا ئاددىي نەقىشلەر توقۇلىدۇ، بەزى جاينامازلارنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر ئوخشىمايدۇ؛ ئۈستىگە مەسچىتنىڭ ئەگمە ئىشىكىگە ئوخشىتىپ نەقىش ئىشلىنىدۇ؛ بەزىلىرىگە كەئبە ياكى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. بەزى جاينامازلارنىڭ چۆرىسىگە ئاددىي سىزىقلار توقۇلۇپ، ھېچقانداق نەقىش چۈشۈرۈلمەيدۇ. جاينامازلارنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولۇپ، يېشىل، تۇتۇق قىزىل، سارغۇچ، كۆك ۋە بوز رەڭلىك جاينامازلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىگە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان يېشىل رەڭلىك جاينامازنى مۇسۇلمانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلار جايناماز پاك ھەم مۇقەددەس نەرسە، شۇڭا نامازخانلار ناماز ئوقۇغاندا دىلىنى غەم-غۇسسىدىن خالىي تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ناماز ئوقۇشى كېرەك، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىپ نامازغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇرەككەپ رەڭ ۋە نەقىشلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

يەمەن ھىميار خانلىقىنىڭ خانى تۇبور كەئبىگە يوپۇق توقۇتقاندىن بۇيان، بۇ ئادەت بۇگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. يوپۇق ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن نەپىس توقۇلىدۇ، ھەر يىلى بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ.








www.uyghurkitap.com

ئۆلگىرى ھەر يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە توقۇلغان يوپۇق تۆگە بىلەن مەككىگە توشۇلاتتى، كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى يوپۇقنى ئۆز دۆلىتىدە توقۇتىدىغان بولدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ھەقىقەتەن، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىكى ئۆي (بەيتۇللاھ) دۇر﴾ [”ئال ئىمران“ سۈرىسى، 96 - ئايەت].

مۇسۇلمانلار قارا يىپەكتىن ئىشلەنگەن كەئبە يوپۇقنى توقۇش ۋە كەشتىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتى بىلەن مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىگە مەسئۇل مۇھەممەد ئىبنى ناسىر غازىنىڭ ئېيتىشىچە، 2008 - يىلى توقۇلغان كەئبە يوپۇقىغا 20 مىليون رىيال كەتكەن بولۇپ، يوپۇقنى توقۇشقا 670 كىلوگىرام يىپەك، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى كەشتىلەشكە 150 كىلوگىرام ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەشۇت ئىشلىتىلگەن، يوپۇق ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر،



6 - 53 - رەسىم: كەئبە يوپۇقى. قىسمەن ئەرەبچە ھۆسنخەت ۋە نەقىشلەر سېرىق مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەن. يوپۇقنىڭ ئەڭ ئاستىغا ”مەككىدە ئىشلەنگەن“ دېگەن خەت بىلەن پادىشاھنىڭ ئىسمى كەشتىلەنگەن.


www.uyghurkitap.com

كەڭلىكى 1.01 مېتىر كېلىدىغان 47 پارچە يىپەك رەختتىن تەركىب تاپقان.

گىلەم، ئاسما گىلەم ۋە جاينامازدىن باشقا، نەپىس توقۇلغان گۈللۈك رەختلەرمۇ ناھايىتى داڭلىق. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى مىسىرنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى سىلىق ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەسىرىگە، شۇنداقلا ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى توقۇمىچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىراننىڭ نەپىس توقۇلما بۇيۇملىرىمۇ كۆركەملىكى ۋە ئەۋرىشىملىكى بىلەن داڭلىق.

## ئىسلامىي كىيىم-كېچەكلەر

### 70. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىنىشى ھەققىدە قانداق ئەھكاملار بار؟



مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئاساسەن كەڭ، راھەت، بەدەننىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى تولۇق ياپقان بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى، يىپەك ۋە

6 - 54 - رەسىم: ئىستانبۇللۇقلار يېشىل يۇڭ يىپ بىلەن توقۇغان تەختىراۋان يوپۇقى. ئۇنىڭغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەشۇت بىلەن چىرايلىق ئۆسۈملۈك نەقىشلىرى كەشتىلەنگەن، يوپۇقنىڭ چوققىسىغا خەتتات ئابدۇللا فەتتاھ يازغان "تەسمىيە" ۋە «فەتھ» سۈرىسىنىڭ قىسمەن ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن. بۇ يوپۇق ھازىر ئىستانبۇلنىڭ توپكاپى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. تىزىم نومۇرى: 24/1363/1351

تــاۋار-دۇردۇنــدىن كىيــىم كىيــىشى چەكلىنىــدۇ. بۇنىڭــدىن مەقــسەت ئەرلەرنىــڭ تۇرمۇشــتا ئەيــش-ئىــشرەتكە بېرىلىــپ چىرىكلىشــشى ۋە ئىسراپچىلىق قىلىــشىنىڭ، راھەت-پــاراغەت ۋە ۋاقىتلىــق شــان-شــۆھرەت قوغلىشىپ شەھۋەتپەرەسلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىــش ئۈچۈنــدۇر. ئــاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بىــرەر شــەھەر (ئاھالــسى) نــى ھــالاك قىلمــاقچى بولــساق، ئۇنىڭــدىكى دۆلەتــمەن ئــادەملەرگە (پەيــغەمبەر ئــارقىلىق) بۇيــرۇق چۈشۈرىمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسق-پاســات قىلىــدۇ-دە، ئۇلارغــا ئازابىمىز تېگىــشلىك بولىــدۇ، شــۇنىڭ بىــلەن ئۇلارنــى قــاتتىق ۋەيــران قىلىپ تاشلايمىز ﴾ {"ئىسرا" سۈرىسى، 17-ئايەت}.

ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ ئــالتۇن زىبــۇزىننەت بۇيۇملىرىــنى تاقــشى، يىپەكتىــن كىيــىم كىيــىشى چەكلىنىپــلا قالماســتىن، يەنە مۇســۇلمانلارنىڭ ئــالتۇن-كۈمۈشــلەردىن ياســالغان قاچىــدا تامــاق يېيىــشى چەكلىنىــدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئالتۇن-كۈمــۈش قاچىــدا يەپ-ئىچــكەن ئــادەم ئۆزىنىڭ قارنىغــا لاۋۇلــداپ تۇرغــان ئوتــنى يەۋالغــان بولىــدۇ" دېــگەن («سەھىھ مۇســلىم»دىــن). بەرائــۇ رىــۋايەت قىلىــپ مۇنــداق دېــگەن: "پەيــغەمبەر ئەلەيھىســسالام بىزنــى مۇنــۇ يەتــتە ئىــشقا بۇيــرۇپ، يەتــتە ئىشتىن چەكلىــدى. بىزنــى كېــسەللەرنى يوقلاشــقا، جىنازىغــا ئەگىشــشكە، چۈشكۈرگۈچىگە جــاۋاب بېرىــشكە (يەرھەمكــۇللاھ دېيىــشكە)، چاقىرغــان يەرگە بېرىشقا، سالامنى ئاشــكارا قىلىــشقا، زۇلۇمغــا ئۇچرىغۇچىغــا يــاردەم بېرىــشكە، ئەھــدىگە ۋاپــا قىلىــشقا بۇيــرۇدى؛ بىزنــى ئــالتۇن ئــۈزۈك تاقاشتىن، كۈمۈش قاچا ئىشلىتىشتىن، يىپەك ياســتۇقتا ئۇخلاشــتىن، يىــپەك ئــارىلاش رەختتىــن كىيــىم كىيــشتىن، يىــپەك، تــاۋار-دۇردۇن، مەشــۇت لىباس ئارتىشتىن چەكلىدى."

ئىبــنى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنغــان ھەدىــستە پەيــغەمبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن: "ئــاللاھ تائــالا كىيىمنــى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئايىغىدا سۆرەپ كىيــگەن ئــادەمگە قارىمايــدۇ." ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنغــان ھەدىــستە پەيــغەمبەر



ISLAMIC ART

ئەلەيھىسسالام: ”قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا كىيىمنى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئايىغىدا سۆرەپ كىيگەن ئادەمگە قارىمايدۇ“ دېگەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىمى ئىچ كىيىم، تاش كىيىم دەپ ئايرىلىدۇ. تاش كىيىم كەڭ بولىدۇ. ئەرەب ئەرلىرى ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك كەڭ تون كىيىشنى، بېشىغا ياغلىق ئارتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ بەك ئېسىل ۋە قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەمما كىيىملىرى پاكىز، رەتلىك بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ناماز ئوقۇغاندا ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ رەتلىك تۈزەشتۈرۈشى لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ئى ئادەم باللىرى! ھەر قېتىم ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا چىرايلىق كىيىنىڭلار،...﴾ [”ئەئراف“ سۈرىسى، 31 - ئايەت].

مۇسۇلمانلار پانىي دۇنيا ۋاقىتلىق، باقىي دۇنيا مەڭگۈلۈك بولىدۇ، پانىي دۇنيادىكى شانۇشەۋكەت باقىي دۇنيادىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ ﴾ [”ھەج“ سۈرىسى، 23 - ئايەت].

## 71. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى زىنادىن ساقلىسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنىمۇ ياپسۇن؛ (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن،


ISLAMIC ART
uygurkitap.com

ئاتىلىرىدىن، يا قېينئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇن كىشىگە ئېهتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار》 ["نۇر" سۈرىسى، 31 - ئايەت].

ئىسلام دىنى ئاياللارنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى كالتا، نېپىز، ئەۋرەت جايلار كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن چەكلەيدۇ، بولۇپمۇ ئۆز بەدىنىنى قەستەن نامايان قىلىدىغان تار كىيىملەرنى كىيىشتىن توسىدۇ. مۇسۇلمان ئاياللار كەڭ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشى كېرەك.

ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە قويۇلىدىغان قاتتىق تەلەپلەر ۋە شەرئەت ئەھكامىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان چەكلىمىلەر بار، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئاياللار بۇ ئەھكامغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. جايلاردىكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىنىشمۇ ئوخشىمايدۇ، بەزى جايدىكى ئاياللار پۈتىنى ياپىدىغان ئۇزۇن، كەڭ ئابايىلارنى كىيدۇ، بەزى جايدىكى ئاياللار پۈتۈن بەدىنىنى ياپىدىغان كەڭ لىچەك ئارتىدۇ، بەزىلىرى چۈمبەل، بەزىلىرى رومال ئارتىدۇ، بەزىلىرى ياغلىق چىگىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، ئاللاھ تائالا گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## «ئىسلامىيەت ساۋاتلىرىدىن سوئال ـ جاۋابلار مەجمۇئەسى» ناملىق يۇرۇشلۇك كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئىزاھ

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ساۋاتلارنى توغرا ئىگىلەشتىكى قانۇنلۇق يوللىرىنى سالماقلىق بىلەن كېڭەيتىش كېرەك» دېگەن تەلەپنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تاللاپ نوپۇزلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە تەرجىمانلارنى تەشكىللەپ تەرجىمىگە ئويۇشتۇردۇق. نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ پەرقلەندۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش سەۋىيەسىگە ماس كەلمەيدىغان ياكى ئاردا چۈشەنمەسلىك پەيدا قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان قىسمەن مەزمۇنلارنى قىسقارتتۇق ھەم مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدۇق. ۋاقىت قىس، خىزمەتلىرىمىز ناھايىتى جىددىي بولغاچقا، كىتابلىرىمىزدا بەزىبىر مەسىلە ھەم نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىن خالىي بولالمىدۇق.

كىتابلىرىمىزنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قىممەتلىك پىكىر بەرگەن ئۇستاز ـ ئۆلىمالارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. مەزكۇر مەجمۇئەدە ساقلانغان بەزى مەسىلە ۋە نۇقسانلارغا ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى، ئوقۇش جەريانىدا مەسىلە بايقالسا، قايتا نەشرىدە تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن سەممىي پىكىر بېرىشىنى ۋە تۇرمۇشتىكى بەزى كونكرېت ئىشلارنى ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەدبىقلىشىنى سورايمىز.

* * * * * * * * * * * * * * *

مەزكۇر كىتاب 1 ـ سوئالنىڭ جاۋابىدا بېرىلگەن قۇرئاندىكى ئايەت، سۆز، ھەرپلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ”قۇرئاندا جەمئىي 6236 ئايەت، 77 مىڭ 439 سۆز، 321 مىڭ 250 ھەرپ بار“ دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

بۇ كىتاب گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 2011-يىل 12-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلىمىت بارى
مەسئۇل كوررېكتور : ھۆرنىسا توختى


# ئىسلام سىنئىتىدىن سوئال - جاۋابلار

## تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەت


| | |
|---|---|
| نەشر قىلغۇچى: | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى: | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010 |
| ساتقۇچى: | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى: | بېيجىڭ مىللەتلەر باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| نەشرى: | 2014-يىل 6-ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى: | 2014-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى: | 880 × 1230م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى: | 8.125 |
| باھاسى: | 13.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-13207-2/J • 679 维 7

www.uyghurkitap.com

本书根据甘肃民族出版社2011年12月第一版第一次印刷版本翻译出版。

**图书在版编目（CIP）数据**

伊斯兰艺术问答:维吾尔文 / 米广江著；安尼玩买买提译.
-- 北京 ： 民族出版社，2014.4
（伊斯兰常识问答丛书）
ISBN 978-7-105-13207-2

Ⅰ.①伊… Ⅱ.①米…②安… Ⅲ.①伊斯兰教—宗教艺术—问题解答—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①J19-44

**中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第097985号**

**责任编辑** ： 阿布力米提·巴日
**责任校对** ： 吾尔妮莎·托合提
**出版发行** ： 民族出版社　http://www.mzcbs.com
**社　　址** ： 北京市和平里北街14号　邮编：100013
**电　　话** ： 010-64290862（维文室）
**印　　刷** ： 北京民族印务责任有限公司
**版　　次** ： 2014年6月第1版
： 2014年6月北京第1次印刷
**开　　本** ： 880×1230毫米
**印　　张** ： 8.125
**定　　价** ： 13.00元

ISBN 978-7-105-13207-2/J·679 维 7